# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学

1996. 3





SOCIAL SCIENCE IN XINJIANG

ОБЩЕСТВЕННЫЕ НАУКИ В СИНЬЦЗЯНЕ

ISSN 1002-9052

09>

9 771002 905006

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1996-يىللىق 3-سان


(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى)
پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال (ئومۇمىي 60-سان)
مەسلىھەتچى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى باش مۇھەررىر: ئابلەت تۇردۇن
ھەر پەسىلنىڭ 3-ئېيىنىڭ 5-كۈنى بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي تەھرىرى:
نەشردىن چىقىدۇ. مۇھەممەتجان مۆمىن


## مۇندەرىجە

### ئىقتىساد، سىياسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى


ئىسلاھات نۇرىدا روناق تېپىۋاتقان تۇرپان شەھەرلىك چارۋىچىلىق مەيدانى ··· ئىسمايىل تۆمۈرى 1
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا
قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر ························ ئاۋۇت توختى 5
ئەسىر ھالقىش دەۋرىدە تۇرىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتى
توغرىسىدا ························ مۇزەپپەر مۇھەممەت 11
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرى توغرىسىدا ·········
························ رەھىمە مۇھەممەت 15
ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ·········
························ گۈلزەپەر مۇھەممەت 16
مەمۇرىي دەۋانىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىكى رولى ··········· فىردەۋس پەتتار 18


### مەدەنىيەت، دىن تەتقىقاتى


غەربىي يۇرتتىكى زوروئاستېر دىنى توغرىسىدا بايان ··········· گاۋيۇڭجيۇ 21
يارغول شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىلەردە ئەكس ئەتكەن قاڭقىل

مەدەنىيىتى .......... ياڭ يىيۇڭ 28
شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر نەچچە مۇقەددىمە خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش ...
.......... مېخائىل خوپپېر 36
خوتەننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا .......... توختىنىياز تۇرسۇن 39

## تارىخ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى

ئالتايدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى توغرىسىدا .......... ۋاڭ مىڭجېي 43
«ئىپارخان» توغرىسىدا تەتقىقات .......... جاۋ شىنخۇ 49
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس ئەھۋالى .......... نۇرۇللا مۆمىن 55
قەدىمىي شەھەر – ئۈچتۇرپاننىڭ يىپەك يولىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا .......... ئەركىن توختى 58
كۆك تۈركلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى توغرىسىدا .......... ئاسىپجان ياسىن 60
قاراقىتانلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد .......... ۋېي لياڭتاۋ 65
جۇرجان خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى .......... شۆزۇڭجېڭ 79
ئامانىساخاننىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا .......... ئابدۇقادىر داۋۇت 89
خەن-تاڭ دەۋرلىرىدىكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە ..........
.......... ئەھمەد سۇلايمان 92

## ئەدەبىيات، تىل تەتقىقاتى

نورۇزنىڭ تارىختىكى ئىزلىرى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرى ..........
.......... مەھمۇد زەيدى 96
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھايۋانات ئىملىقلىرى ھەققىدە .......... غەيرەت ئابدۇراخمان 100
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى توغرىسىدا ..........
.......... ئىمىنجان ئەھمىدى 105
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ پەرقى
.......... دىلدار مۇھەممەتئىمىن 109
ئۇيغۇرلاردا ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى .......... ئەنەيتۇللا قۇربان 116
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى رولى توغرىسىدا
.......... بۇھەيرە ئابلەت 120

كوررېكتور: رۇقىيە سىدىق

# ئىسلاھات نۇرىدا روناق تېپىۋاتقان تۇرپان شەھەرلىك چارۋىچىلىق مەيدانى

تۇرپان شەھىرىدىن 90 نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالغا-تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئىچكى جىلغىسىغا جايلاشقان شورۇن (موڭغۇلچە-ئېگىز تاغ، تاغلار چوققىسى دېگەن مەنىدە)—تۇرپان شەھەرلىك چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئاساسلىق بازىسى.

بۇ چارۋىچىلىق مەيدانى 1958-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغلاردا بۇ مەيدانىنىڭ چارۋىسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئاز ئىدى. يايلاق، كۈزلەك، قىشلاقتىن ئىبارەت ئۈچ پەسىللىك ئوتلاق كۆلىمى 280 مىڭ مو كۆلەمدە بولسىمۇ، تەبىئىي شەرت-شارائىتى بىر قەدەر ناچار ئىدى، چارۋىلارنى بېقىش، كۆپەيتىش، سورت يېڭىلاش جەھەتلەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت ئىدى.

تۇرپان شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق بولغان مەزكۇر چارۋىچىلىق مەيدانى خاراكتېر جەھەتتىن كارخانا ئورۇن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا تىرىك چارۋا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، شەھەرنى گۆش بىلەن تەمىنلەشتىكى نۇقتىلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەيداندا ھازىر چوڭ-كىچىك 73 ئائىلە بار، 420 نەچچە نوپۇس، ئىش ھەققى-مۇئاش ئالىدىغانلار 137 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 67 نەپىرى مۇقىم ئىشچى-خىزمەتچى، 2 نەپىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋاقىتلىق ئىشچى، 28 نەپىرى قىسقا مۇددەتلىك ۋاقىتلىق ئىشچى، 40 نەپىرى پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىدىن ئىبارەت.

تۇرپان شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق بۇ چارۋىچىلىق مەيدانى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئانچە روناق تاپمىغان بىر ئورۇن ئىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بۇ مەيدان رەھبەرلىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دېھقان-چارۋىچىلارغا قاراتقان ھەر تۈرلۈك گۈزەل سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەيداننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، چارۋىلارنى بېقىش-باشقۇرۇشنى ئىلمىي ئۇسۇلغا سېلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىلگىرىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە تۈرلۈك توسالغۇلارنى يېڭىپ، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەيداننىڭ ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتەرگەن.

ئىسلاھات نۇرى جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر قايسى ساھەگە، ھەر قايسى ئورۇنلارغا جۇملىدىن ھەر بىر شەخسكە تەكشى چېچىلدى. ھالبۇكى، بەزى ئورۇنلار، قىسمەن ئادەملەر بۇ نۇردىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايۋاتىدۇ. بەزى ئورۇنلار روناق تاپسا، بەزى ئورۇنلار بىر ئىزدىلا توختاپ قېلىۋاتىدۇ؛ بەزى كىشىلەر ئالدىن بېيىپ، روناق تاپسا، بەزى كىشىلەر تېخىچىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. گەرچە ئىسلاھات نۇرى ھەممىگە تەكشى چېچىلىۋاتقان بولسىمۇ، روناق تېپىش، روناق تاپالماسلىق ھەر بىر ئورۇننىڭ، ھەر بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تۇرپان شەھەرلىك

چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ روناق تېپىشىنى شۇ ئورۇندىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدىن، بىۋاستە باشقۇرغۇچى ئورۇندىكى رەھبەرلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، يېتەكلىشى، غەمخورلۇقىدىن، ئەڭ مۇھىمى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ رەھبەرلىكىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خوجامنىياز ئىلىنىيازنىڭ دادىللىق ھەم تىرىشچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

خوجامنىياز چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قانداق قىلغاندا بۇ مەيداننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلىغىلى، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرغان. خوجامنىياز ئەسلى مۇشۇ مەيداندا تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان. شارائىت تۆپەيلى تۈزۈكرەك ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، كىچىكىدىن چارۋا بېقىپ ئۆسكەن ئاددىي بىر مالچى ئىدى. ئۇ ھازىر 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تەمبەل كەلگەن، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى بولۇپ قالدى. تاغدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر ئاددىي مالچىنىڭ شەھەر مۇھىتىغا كۆنەلىشى، شۇنداقلا تۈزۈكرەك ئوقۇيالمىغان بىر ئادەمنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بىراق، ئىسلاھات روھى ھەممە كىشىگە ئىمكانىيەت ئاتا قىلغىنىدەك، بۇ ئاقكۆڭۈل، چىقىشقاق، تەدبىرلىك، جاپاكەش ھەم تىرىشچان كەلگەن خوجامنىيازغىمۇ ئىسلاھات نۇرى جاسارەت ئاتا قىلدى. ئۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەدبىرلىكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى يىلدىن-يىلغا يۈكسەلدۈرۈپ باردى، ئۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئۈچ يىل جەريانىدىكى ئىشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. قوتاز سورتىنى ياخشىلىغان، تۇرپان تاغلىق رايونىدا بېقىلىپ كېلىۋاتقان يەنى چارۋىچىلىق مەيدانىدا بېقىلىۋاتقان قوتازلارنىڭ نەسلىنى، قېنىنى يېڭىلاش ئىشى ئازادلىقتىن بېرى ئېلىپ بېرىلمىغان بولۇپ، قوتازلاردىن ئېلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم بارغانچە تۆۋەنلەپ، كېسەللىك كۆپ كۆرۈلۈپ كەلگەن. چارۋىچىلىق مەيدانى بۇ مەسىلىنى خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە تۇتۇپ، 1995-يىلى باغراش ناھىيىسىدىن 32 تۇياق قوتاز بۇقىسىنى ھەر بىرىنى 3 مىڭ 600 نەچچە يۈەندىن سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن. بۇنداق بولغاندا، قان يېڭىلىنىپ، قوتازلاردا كۆرۈلىدىغان ئېرسىيەت كېسەللىكى ئازايتىلىدۇ-دە، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشقا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

2. 96-يىلى 5-ئايلاردا ئالتايدىن 130 دانە ئالتاي قويى قوشقىرى تاللاپ ئېلىپ كېلىنىپ، قوي سورتىنى يېڭىلاشقا پۇختا ئاساس تۇرغۇزۇلغان. بۇنىڭ ئومۇمىي چىقىمى 808960 يۈەن بولغان.

3. چارۋىچىلىق مەيدانى بۇرۇن مۇستەقىل ئىشخانا بىناسىغا ئىگە بولالمىغان بىر ئورۇن ئىدى. 95-يىلى 2 قەۋەتلىك 400 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئىشخانا بىناسىنى بەرپا قىلىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىغان. بۇنىڭغا 140 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىنغان.

4. چارۋىچىلىق مەيدانىدا خىزمەت قىلىدىغان كادىرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، 6 يۈرۈش ئولتۇراق ئۆي سالدۇرۇلغان.

5. ئۈرۈمچى تىيانشان چارۋىچىلىق مەيدانىدىن تىۋىت سورتى ياخشى بولغان تېكىدىن 30 تۇياق ئېلىپ كېلىنىپ (94-يىلى)، ئۆچكىلەرنىڭ سورتى ياخشىلانغان. سورتىنى ياخشىلاشتىن ئىلگىرى ھەر بىر ئۆچكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 گرام تىۋىت ئېلىنغان بولسا، سورت يېڭىلانغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۆچكىدىن 250 گرامدىن تىۋىت ئېلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

6. ئىلگىرى چارۋىچىلىق مەيدانىدا پىلانلىق ئىگىلىك قۇرۇلمىسى يۈرگۈزۈلگەندە ئۇششاق چارۋا 18 قورۇ (6600 تۇياق)، 600 تۇياق قوتاز بار ئىدى. مۇئاش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلەتتى. پايدا-زىيانغا

مەيدان ئىگە بولاتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ چارۋىسى 27 قورۇغا يەتتى. بۇ چارۋىلار 27 ئائىلىگە 61 نەپەر چارۋىچىغا ھۆددىگە بېرىلدى. ھۆددىگە بېرىلىشتىن ئىلگىرى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2050 سوم ئىدى. ئىسلاھات روھى بىلەن چارۋىچىلارغا ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، 95-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 4337 سومغا يەتكەن. دېمەك، ئىقتىسادىي كىرىم بىر قاتلانغان.

7. ئەسلىدىكى ئۇششاق چارۋا 18 قورۇدىن كۆپىيىپ، 27 قورۇغا يەتكەندىن كېيىن، مەيداندىكى بىر قىسىم ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشى مەلۇم نىسبەتتە ھەل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قوتان-قورۇلارنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، يەنە بىر قىسىم ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نەتىجىدە، قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدىلا مەيدان بويىچە 36 نەپەر ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار مەسىلىسى مۇئەييەن دەرىجىدە ھەل قىلىنغان.

8. قوتان-قورۇ قۇرۇلۇشى، چارۋىلارنىڭ يايلاق، قىشلاق، كۈزلەكتىن ئىبارەت ئۈچ پەسىللىك ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ياخشىلانغاندىن كېيىن، چارۋىچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى يەڭگىللەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم زور دەرىجىدە يۇكسەلگەن.

9. بۇلاق كۆزلىرىنى تورلاش، قار سۇلىرى يىغىلىدىغان كۆلچەكلەرنى ييغىلاش ۋە كۆپەيتىش ئارقىلىق، چارۋىلارنىڭ قىشلاقتىكى سۇ قىيىنچىلىق مەسىلىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغان.

10. ۋاكسىنلاش، ۋاقتىدا دورىلاش قاتارلىق تۈرلۈك چارۋا مال كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرى ئۆز ۋاقتىدا، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىش ئارقىلىق چارۋىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. .

11. ئەسلىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يېتەرسىز بولۇپ كەلگەن تاغ ئىچىدىكى 30 مودەك يەرگە ياۋا يۇرچاق تېرىلىپ، مەلۇم كۆلەمدە بورداقچىلىق يولغا قويۇلۇپ، ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان چارۋا بوردۇلۇش ئارقىلىق تاۋارلىق ئىقتىسادىي قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. نەتىجىدە بۇ چارە مەيدانىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى يۇكسەلدۈرۈشتىكى بىرمەنبەنى ھاسىل قىلغان.

ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى جەھەتتە چارۋىچىلىق مەيدانىدا سىياسەت روھىغا ئۇيغۇن بولغان، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ماس كەلگەن بىر يۈرۈش ھەر تۈرلۈك تۈزۈملەر بېكىتىلىش ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئېڭىدا سىياسىي كۆزقاراش، قانۇن-تۈزۈم كۆز قاراشلىرى تۇرغۇزۇلۇپ، چارۋىچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. نەتىجىدە، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرى كۈنسېرى يۇكسىلىشكە يۈزلەنگەن.

روناق تاپقاندا خەلقپەرۋەر روھ، مەرىپەتپەرۋەر روھ بولسىلا ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە ياردەم قولىنى سوزماي قويمايدۇ. خوجامنىياز رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان، چارۋىچىلىق مەيدانى مائارىپ ئورۇنلىرىغا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۆز ياردىمىنى ئايىمىدى. بۇ ئورۇن ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان ئوقۇتۇش رايونى-چىچان بازارلىق مەركىزىي مەكتەپكە نەق پۇل ۋە پارتا-ئورۇندۇق قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن 3 يىل جەريانىدا 27200 يۈەن قىممىتىدە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن. تۇرپان شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ (خەنزۇ مەكتەپ) كە 5 مىڭ يۈەن ياردەم قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا شەھەر بويىچە زور تەسىر قوزغىغان. شەھەردىن يىراق، تاغ باغرىغا جايلاشقان چىچان بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ دوختۇرخانىسىغا 2 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، چەت-ياقا رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا

مۇئەييەن دەرىجىدە ياردەم قىلىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

چارۋىچىلىق مەيدانى يەنە ئۆز تەۋەلىكىدىكى نامرات چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ھەممە ئۆيلەرنىڭ توك چىراق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىغا 12 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، تارىختىن بېرى قارا چىراق يېقىپ كەلگەن مالچىلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى چەت-ياقا رايونلارغا يەتكۈزگەن.

چىچان بازارلىق ھۆكۈمەت بىلەن چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ مەيدان رەھبەرلىكى بازارلىق ھۆكۈمەت بىناسى قۇرۇلۇشىغا 8 مىڭ يۈەن نەق پۇل، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن چىچان بازارلىق پەيچۇسوسىنىڭ ئىشخانا قۇرۇلۇشىغا 5 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشتا ياخشى ئاساس ياراتقان.

قىسقىسى، خوجامنىياز ئىلىنىياز چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مەيدان ئىگىلىكىدە ۋە باشقا جەھەتلەردە يۇقىرىقىدەك يۈكسىلىش ۋە ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلگەن. روناق تېپىشقا يۈزلەنگەن بۇ كىچىك ئورۇن بارا-بارا جەمئىيەتنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىشقا باشلىدى. بۇلتۇر بۇ مەيداننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 150 (ئون) يۈەن ئىتراپىدا بولۇپ، پايدا 90 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. خۇلاسە شۇكى، شان-شەرەپ هامان روناق تاپقۇچىغا مەنسۇپ!

ئىسمايىل تۆمۈرى تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

(بېشى 15-بەتتە)

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى يۇقىرىقىدەك روشەن پەرقلەرگە ھەممە ئىنتايىن زىچ باغلىنىشتا ئىگە. پىلانلىق ئىگىلىكمۇ جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ئېھتىياجىنى يۈكسەك دەرىجىدە قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، بازار ئىگىلىكىمۇ شۇنى مەقسەت قىلىدۇ. دۇنيادا بازار يوق ئىگىلىك ۋە پىلانسىز ئىگىلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ ھەم بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. بازار ئىگىلىكىدىمۇ خەلق ئىگىلىكىدىكى بەزى مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنى، يەنى باج نىسبىتى، ئۆسۈم نىسبىتى ۋە بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى قاتارلىقلارنى دۆلەت پىلان بويىچە بىر تۇتاش بەلگىلىشى زۆرۈر. بازار ئىگىلىكىدە باھا ئارقىلىق ئىگىلىكنى تەڭشەشتىمۇ يەنىلا پىلانغا تايىنىش لازىم، چۈنكى ھۆكۈمەت پەقەت پىلان ئارقىلىقلا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەيدۇ. دېمەك، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە قۇدرەتلىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سەلبىي تەرەپلىرىگە قارىتا ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، بۇندىن كېيىنكى ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، بازار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنى بىرلىكتە يولغا قويۇپ، بازار ئىگىلىكىنى ئاساس، پىلانلىق ئىگىلىكنى قوشۇمچە قىلىشىمىز لازىم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ مالىيە مەكتەپ)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ماموت

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر

ئاۋۇت توختى

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپى» دە: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، دۇنيا مىقياسىدىكى ھەر خىل ئىدىيە، مەدەنىيەت كۈچلىرى بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بولغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش -بارالماسلىق ئېلىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇشىغا، جۇڭگونى 21-ئەسىرگە قانداق قىياپەتتە باشلاپ كىرىشىمىزگە مۇناسىۋەتلىك دەپ كۆرسىتىلگەن. «تەكلىپ» دە، 9- بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈشتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭدا ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ھەم كەلگۈسىدىكى ئالغا بېسىش يولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چوڭقۇر راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇشىدا يەنە يېڭى سەكرىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

يولداش دېڭشىياۋپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىگەنىدى: ماددىي مەدەنىيەتنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ ياخشى تۇتساق، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا خاس ئىش قىلغان بولىمىز. بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇش، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول چىڭ بولۇش» فاڭجېنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تۈپ فاڭجېنلىرىدىن بىرى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، «ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە يۇكسەلدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش» — پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلىغىچە بولغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغان توققۇزىنچى مۇھىم فاڭجېن قىلىپ بېكىتىلدى.

نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەت بىزدىن كەلگۈسىدىكى 15 يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىزنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، بىز قۇرۇۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم-ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، بەلكى بىر-بىرىگە تايىنىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، «تەكلىپ» تە، «ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى ياخشى يولغا قويغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بارلىققا كېلىدۇ. ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىسا، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي ئاساسى بولمايدۇ. جەمئىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلمىسا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئەقلىي كۈچ مەدەتكارلىقى ۋە ئىدىيىۋى كاپالىتى بولمايدۇ» دەپ ئىككىسىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى، مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋى كۈچى، ئىدىيىۋى كۈچى، ئىدىيىۋى كاپالىتى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇش، ئۇلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا بىرلىكتە كەلتۈرۈپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش-پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل سىياستى، شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى-جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا بىز ئىقتىساد تېز ئاشىدىغان ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىمىز. بىز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆزگىرىۋاتقان دەۋردە تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ يۇقىرى، يېڭى تەلەپلەرنى قويىدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە يۈكسەلدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىككە كەلگەن كۆرەش نىشانى قىلىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككى قولدا قاتتىق بولۇشتا باشتىن-ئاخىر بوشاشماي چىڭ تۇرۇش، ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەرەققىياتنى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنى ماس قەدەمدە ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەندىن ئىبارەت. «تەكلىپ»تە، بۇ تەلەپلەرگە يېتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈش ھەم ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈش ھەمدە زۆرۈر ماددىي كاپالەت بەرپا قىلىپ، سېلىنمىنى يىلمۇ-يىل كۆپەيتىش، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش جەريانىدا، دۇنيا مىقياسىدىكى ھەر خىل ئىدىيە، مەدەنىيەت كۈچلىرى بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ھازىرقى دۇنيا ئوچۇق دۇنيا، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئارقىلىق ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى ھەم سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى

بولىدۇ. ئېلىمىز ئىقتىسادىنى تېخىمۇ مول ھاياتىي كۈچ ۋە ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشتا بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى-خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى خىل بايلىق، ئىككى بازاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق ئېلىمىز بازىرى خەلقئارا بازار بىلەن كۈندىن-كۈنگە قوشۇلۇپ، خەلقئارا بازارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانماقتا.

ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى نىسبىتى 50% كە يېقىنلاشقان.

ئىسلاھات باشلانغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز، دەريا، چېگرا، يول بويلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋەتكەن ۋەزىيىتى تېخىمۇ روشەنلەشتى. شۇنىڭ بىلەن سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە (شەھەر) 1194 كە يەتتى، سىرتقا ئېچىۋەتكەن ئېغىز 222 گە يەتتى. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۇنيانى رېئال چوڭ بازار بىلەن تەمىنلەپ، دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىجابىي كۈچكە ئايلاندى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 500 مىليارد دوللارغا يېقىنلاشقان. شۇنىڭدەك، دۆلىتىمىز چەت ئەللەردىن نۇرغۇن ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈپ، ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكىسىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېزلەتتى. دېمەك، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا ئېلىمىز بىر تەرەپتىن، چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى كىرگۈزگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چەت ئەللەردە بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىپ، شېرىك ۋە ئۆز ئالدىغا كارخانا قۇردى. بۇلتۇر 6-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئېلىمىز چەت ئەللەردە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانا 4739 غا، جۇڭگو تەرەپ سالغان ئومۇمىي مەبلەغ 5 مىليارد 320 مىليون دوللارغا يەتتى. 1995-يىلى 9-ئايغىچە، ئېلىمىز 183 دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئەمگەك ھۆددىگەرلىكى توختامى ئىمزالىدى. توختاملاردىكى ئومۇمىي سومما 46 مىليارد دوللاردىن ئاشتى. بىز ئىسلاھات-تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بولۇپمۇ بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە تېگىشلىك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يەنىمۇ قويۇۋېتىپ ۋە جانلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، رىقابەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەردە بايلىقنى بازار ئارقىلىق تەقسىملەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بازارنىڭمۇ ئىستىخىيىلىك، قارىغۇلۇق ۋە پاسسىپ تەرىپى مەۋجۇت، دۆلەت بازار پائالىيىتىنى توغرا يېتەكلىشى ۋە تەڭشەپ-تىزگىنلەپ تۇرۇشى كېرەك.

دۆلىتىمىزدە ئىشكىنى سىرتقا كەڭ ئېچىۋەتكەن، بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان شارائىتتا، چەتتىن كەلگەن، چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسى، قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزغا سىڭىپ كىردى. بىر قىسىم كادىرلىرىمىز، جۈملىدىن بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز مەركەزنىڭ ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا سەل قاراپ، ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە دىققەت قىلماي، چىرىكلىشىپ، چۈشكۈنلىشىش يولىغا ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن بەزى پارتىيىلىك كادىرلار، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ قىسمەن مەنپەئىتىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، دۆلەت، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان سالدى، ئاز سانلىق

كىشىلەر پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ۋاستىسى قىلىۋېلىپ، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق قىلىپ، دۆلەت ئىقتىسادىغا ئىنتايىن چوڭ بۇزغۇنچىلىق سېلىپ چىرىكلىشىپ كەتتى، بۇنداق چۈشكۈنلەشكەنلەر قوشۇندىن، ھەتتا ھاياتتىن ئايرىلدى. شۇڭا، پاك-دىيانەتلىك قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ياخشى ئىشلەش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىسىل پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىستىلى ئارقىلىق ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ رىياسەتچىلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزنى ‹غەربلەشتۈرمەكچى›، ‹پارچىلىماقچى› بولۇۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ‹دېموكراتىيە›، ‹ئەركىنلىك›، دېگەن نېمىلىرىنى بىزگە تاڭماقچى بولۇۋاتىدۇ»، «مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرمىسەك بولامدۇ؟ ھوشيار بولمىساق، كۈرەش قىلمىساق بولامدۇ؟ دەرەخ جىم تۇرىمەن دېسىمۇ، شامال جىم تۇرغۇزمايدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ.» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر مىللەت، دىن ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ بىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، »پارچىلاش» ستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يۈرگۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز تېخىمۇ جىددىي سىناققا دۇچ كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش-بارالماسلىق سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنىڭ تەقدىرى بىلەن، جۇڭگونىڭ قانداق قىياپەتتە XXI ئەسىرگە كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى، بەزى كادىرلاردا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك «كونىېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان كۈرەشتە يۆنىلىشتىن ئادىشىش» مەسىلىسى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدە پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىككە بېرىلىپ، پارتىيە مەنپەئەتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ، چىرىكلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. بىز سىياسىي ئىنتىزامنى چىڭىتىشىمىز، نازارەتنى كۈچەيتىشىمىز، ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئادەم خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئىنچىكە، جاپالىق خىزمەت بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ ئىدىيە، سىياسىي، ئەخلاقىي، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى ۋەزىپىسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، پارتىيە ستاژى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن دۇنيا قاراش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئەڭ تۈپ مەسىلە. دۇنيا قاراش مەسىلىسى-ئادەملەرنىڭ دۇنيادا قانداق ياشاش، قانداق ئادەم بولۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى جايلاردا بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇشتەك ئەھۋاللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرمۇ خېلى ئېغىر، بەزى جايلاردا ئىدىيە-سىياسىي خىزمەت ئاجىزلاپ قالدى، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، فېئوداللىق خۇراپاتلىق، چىرىك ئىدىيىلەر يامراپ

كەتتى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمار ئويناش، ئەپيۇن نومۇسىنى سېتىش، پاھىشۋازلىق قىلىش قاتارلىق رەزىل نەرسىلەرمۇ قايتا باش كۆتەردى. سېرىق كىتاب-ژۇرناللارنى يوشۇرۇن نەشىر قىلىپ تارقىتىش، شەھۋانى ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى قويۇپ زەھەر تارقىتىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ چىرىك نەرسىلەر ھەم كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلىدى، ھەم جەمئىيەتكە كەيپىياتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى. بۇ مەسىلىلەر ۋاقتىدا، ئەستايىدىل ھەل قىلىنمىسا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى مۇقەررەر ھالدا ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە، كۆپچىلىك كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، بۇنىسى توغرا، لېكىن سەل-پەل دىققەت قىلىنمىسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاسانلا سەل قارىلىپ قالىدۇ ۋە بوشاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بەزى يولداشلار ئىقتىسادىي ۋەزىپە چىڭ كۆرسەتكۈچ، ئۇنى جەزمەن ئورۇنداش كېرەك، دەپ قارىماقتا؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بولسا يۇمشاق ۋەزىپە، كۆپ بولسىمۇ، ئاز بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىماقتا. ئېغىزىدا مۇھىم ئورۇندا قويسىمۇ، ئىشلەشتە 2-ئورۇندا قويىدۇ ياكى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. مۇنداق تونۇش ئىنتايىن خاتا ۋە زىيانلىق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدۇ.» ، «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خېلى نەتىجىلىك تۇتۇلدى، ۋەزىيەت كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، لېكىن كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ بۇنداقتا باشقا بىر تەرەپتىن ئاينىش يۈز بېرىدۇ-دە، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئاينىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ ھال ئەۋج ئېلىپ كېتىۋەرسە، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق ئەدەپ كەتكەن بىر زېمىن شەكىللىنىدۇ.» («يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 111-بەت) بۇ بىر ئابزاس سۆزدىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرەلەيمىز. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى، ھازىر ئۇلار ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە قاراپ قەدەم تاشلىماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىۋاتىدۇ، ئاممىنىڭ روھى ئۈستۈن، جايلاردا نۇرغۇن ئىلغار شەخسلەر ۋە قەھرىمان كوللېكتىپلار مەيدانغا كەلدى. ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. لېكىن، نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرمۇ خېلى ئېغىر، ئۇنىڭغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. يېقىندا ئېچىلغان ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن قارىغاندا، ئۆتكەن يىلى 1-ئايدىن 11-ئايغىچە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار مەسىلىسى ئىنكاس قىلىنغان ئەرزىيەت ۋە پاش قىلىشتىن جەمئىي 204 مىڭ 737 نى قوبۇل قىلىپ، 122 مىڭ 476 پارچە دېلو تۇرغۇزغان، بۇ 1994-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %1. 5 كۆپ، جەمئىي 102 مىڭ 317 كىشىگە چارە كۆرۈلگەن، بۇ 1994-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %5. 7 كۆپ، ئۇلار ئىچىدە ھاكىم (باشقارما باشلىقى) دەرىجىلىك كادىر 3084، ۋالىي (نازىر) دەرىجىلىك كادىر 279، ئۆلكە (جۇن) باشلىقى دەرىجىلىك كادىر 24، بۇلار 1994-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن كۆپ. بۇ ئەھۋال شۇنى كۆرسىتىدۇكى، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي، ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۈشكۈل. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك

پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر مەسىلىنى سىياسىي نۇقتىدىن كۆزىتىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، چوڭقۇر، ئۈنۈملۈك ئىشلىشى لازىم.

بىز قۇرۇۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم-ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى گۈللىنىدىغان، تەڭكىش تەرەققىي قىلىدىغان سوتسىيالىزمدۇر. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت توغرا نەرسىلەر ھامان خاتا نەرسىلەرنى يېڭىش ۋە تۈگىتىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ، مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، «تەكلىپ» تە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەريانىدا، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى ۋە تۈرلۈك چىرىك، زاۋالغا يۈز تۇتقان ئىدىيىلەرنى تۈگىتىشنى چوڭقۇر ھەم ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش كېرەك دەپ تەكىتلەنگەن. پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان سوتسىيالىزم پۇقرالىرىنى تەربىيىلەش ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي ساپاسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ساھەلەر، بارلىق ئورۇنلار ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نەزەرىيە قۇرۇلۇشى، ئېسىل ئەنئەنە ۋە كەسپىي قەدىرلەش-ئىگىلىك تىكلەش روھى قۇرۇلۇشى، ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە قەتئىي بوشاشماستىن تىرىشىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# ئەسىر ھالقىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدا

مۇزەپپەر مۇھەممەت

ئەسىر ھالقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەۋزەللىكلەرنى ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇق كۆرۈش ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئەۋزەللىكى شۇكى، ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان زېمىن كەڭ بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى مول، نوپۇسنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى بېسىمى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن كىچىك.

ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ تۈرى خېلى كۆپ، تەڭرىتېغى، ئالتاي تاغلىرى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرى ھەم جۇڭغار، تارىم ۋە قۇمۇل-تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا ئىنتايىن مول نېفىت ۋە كان مەھسۇلاتلىرى كۆمۈلۈپ ياتماقتا. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تېپىلغان 162 خىل كان مەھسۇلاتلىرىدىن شىنجاڭدا خېلى بار. بۇلار شىنجاڭنىڭ خام ئەشيا سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ۋە مېتاللورگىيە، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە يېنىك سانائەت قاتارلىق ئاساسىي سانائەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاز ئۇچرايدىغان مۇھىم خام ئەشيا مەنبەيى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتى ياخشى. تۆمۈر، مىس، نىكىل، خروم، نېفىت، يۇمشاق قاشتېشى ۋە گۆھەر، لىتىرلىق تۇز، ئالىيومىن، زۇلۇك تېشى قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتى ۋە سورتى باشقا ئۆلكىلەرنىڭكىدىن ياخشى، كۆمۈر زاپىسى يۇقىرى بولغان دۇنياۋىي 10 چوڭ ئويمانلىقتىن شىنجاڭدا ئىككىسى بار (جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل-تۇرپان ئويمانلىقى).

دۆلەت زېمىنىنىڭ 3.64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان كەڭ زېمىنغا مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئاران 8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ماكانلاشقان بولۇپ، نوپۇس زىچلىقى باشقا رايونلارنىڭكىدىن تۆۋەن. گەرچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق، قاقاسلىق، چۆللۈك ۋە ئېگىزلىكلەر بولسىمۇ، ئولتۇراق رايونلاردىكى نوپۇسنىڭ زىچلىق دەرىجىسى مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىغا قارىغاندا خېلى تۆۋەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك رايونىمىزنىڭ، رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پاسسىپ تەرەپ ئۇلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى، قاتناشنىڭ قولايسىز بولۇشى ۋە مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ

يېتىشمەسلىكى قاتارلىقلاردا خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىگە مەبلەغ سېلىشتا بەزىبىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز مەبلىغى ئاز، سىرتنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزۈش بىر قەدەر قىيىن بولدى. ئاكسىيە بازارلىرىغا كىرگەن كارخانىلار ئاز بولغاچقا، مەبلەغ سېلىش بازارلىرىنىڭ بىخلىنىشى كېچىكتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، زور مىقداردىكى مەبلەغ ئاكسىيە بازارلىرى ئارقىلىق دېڭىز بويى رايونلىرىغا كۆپلەپ ئېقىپ كەتتى. نۆۋەتتە، مەبلەغ يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن باشقا رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كەتتى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە زامانىۋى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ھەم تېخنىكا كۈچى ئاجىز بولۇش، ئىلغار تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ كەلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، رايونىمىزدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يەنىلا تۆۋەن بولماقتا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پايدىنىڭ ئومۇمىي سانى يەنىلا مەنپىي ساندا، نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلارنىڭ قەرزى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ جۇغلانمىسى ئاز، كارخانىلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-سەنئىتىنى يېڭىلاش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان مەبلىغى يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كونىرىغان، ھۈنەر-سەنئىتى قالاق، مەھسۇلاتلىرى بىر خىل، شۇڭا ئۇلار قەرزگە تايىنىپلا تېخنىكا ئۆزگەرتىشى قىيىن. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا تەخمىنەن %70 كارخانا تېخى ئومۇمىي جەھەتتىن تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمىدى. كارخانىلارنىڭ ئۆزىدىكى كۆچمە مەبلەغنىڭ نىسبىتى يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلىمەكتە.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشىغا، مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولدى.

## ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئاساسىي مەسىلىلەر.

بىرىنچى، دۆلەت ھازىردىن باشلاپ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ تەرەققىيات سىياسىتىنى تەڭشەپ، تەرەققىي تاپقان رايونلار ئارقىدا قالغان رايونلارنى يېتەكلەپ ئىلگىرىلەش تەدبىرىنى بەلگىلىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان رايونلارغا بېرىلگەن رىغبەتلەندۈرۈش، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى رايونلار سىياسىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. لېكىن بۇ خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى رىقابەتتىكى تەكشىسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلدى ھەم رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى نۇقتىلىق ھالدا ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بىر تۈركۈم تايانچ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ پۈتتۈرۈلگەنلىكى ۋە بىر تۈركۈم يېڭى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلىقى شىنجاڭدا زور دەرىجىدە تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى لىنىيىسى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى قۇرۇلۇشىمۇ باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شىئەن-لەنجۇ-ئۈرۈمچى-غۇلجا نۇركابېل قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ-شىمالىي شىنجاڭ نۇركابېل قۇرۇلۇشىمۇ پۈتتۈرۈلدى. تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتكەن قۇملۇق تاشيولى پۈتتۈرۈلۈپ قاتناش باشلاندى. تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭسەن ئالىي تاشيولى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. قىسمەن تورلار پۈتتۈرۈلدى. ئېرتىش دەرياسىنىڭ سۈيىنى شىمالدىن جەنۇبقا يۆتكەش قۇرۇلۇشى، ئۇلۇغئاۋات سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. دۆلەت بۇ تورلارغا نۇرغۇن ياردەم بەردى.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەتقىق قىلىش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىز «چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈككە تايىنىش، جەنۇبنىڭ تەرەققىياتىغا يار-يۆلەك بولۇش، شىمالنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇھىم نۇقتىلارنى كۈچەيتىش، تەرتىپلىك راۋاجلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت جايلاشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى.

ئۈچىنچى، دۆلەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىرلىكتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنى تولۇقلاش لازىم.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن تەھلىل ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا، دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىلىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ. بەلكى يېڭى ئەسىردىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەرەققىيات مۇھىتىغا يۈزلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە باب كېلىدىغان تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ①. نوپۇس بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، كان بايلىقلىرىنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش لازىم.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەپ، مۇھىتنى ئاسراش ۋە بايلىقنى قوغداشنى كۈچەيتىش دۆلىتىمىزنىڭ توپ سىياسىتى. شۇنداقلا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىگە ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. مىللىي رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئېڭىنى، مۇھىت ئېڭىنى، بايلىق ئېڭىنى ۋە ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئاپەتنى ئازايتىش ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. يەر، كان بايلىقلىرى، سۇ، ئورمان، يايلاق قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە دۆلەتنىڭ يېرىنى قوغداش، مۇھىتنى ئاسراشنى تەڭ پىلانلاش ۋە تەڭ يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك②. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، ئىدىيە، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ۋە جىسمانىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش-سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىچكى تەلىپى. مىللىي مائارىپنىمۇ پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مىللىي مائارىپ پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەرىپى. شۇڭا مائارىپ قۇرۇلمىسى، كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇتۇش

مەزمۇنى، ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى بەلگىلەش ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىنى بېكىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولنى تېپىپ چىقىش لازىم. پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋە ئىلغار تېخنىكا، ئۇسكۇنىلەرنى پائال كىرگۈزۈپ، ئەنئەنىۋى كەسىپ ۋە ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك③. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەدرىجىي ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

مىللىي رايونلارنى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇرمىز دېگەنلىكىمىز ھەم دۆلەتنىڭ يار-يۆلەك بولۇشىغا ۋە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردەم بېرىشىگە ھەم ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ جارىي قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئېنېرگىيە، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ياخشىلاش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەت، قاتناش كارخانىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش بازىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پىلانلىق تۈردە ياردەم بېرىش، ئۇ جايلاردا كارخانا قۇرغاندا، ھەقىقىي ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى شۇ كارخانىدا مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەمدە ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. شۇ جاينىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئاچقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى چوقۇم ئىقتىسادىي نەپكە ئىگە قىلىش لازىم.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئاساسلىقى، بىرىنچىدىن، دۆلەتنىڭ داۋاملىق يار-يۆلەك بولۇشىغا تايىنىشقا، ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشىگە تايىنىشقا، ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ جارىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى-ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تايىنىش كېرەك.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» Ⅱ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى.
② «شىنجاڭ گېزىتى» 1995-يىل 16-نويابىر سانى ۋە 1996-يىل 11-ئاپرېل سانى.
③ «جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى» خەنزۇچە، 1990-يىل نەشرى.
④ «تارىخ ئېڭىمى» كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى» ژۇرنىلى، 1996-يىل 1-سان.



(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# سوتسيالستىك بازار ئگىلىكىنىڭ ئجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرى توغرىسىدا

رەھىمە مۇھەممەت

سوتسيالستىك بازار ئگىلىكى دېگىنىمىز ـ باھا مېخانىزمىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي بايلىقلارنى تەقسىملەشنى ماكرولۇق تىزگىنلەيدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، مۇنداق بىر نەچچە كونكرېت ئالاھىدىلىكلەرگە ئگە:

1) بازار ئگىلىكىدە، كارخانىلار چوقۇم مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدە بولىدۇ. يەنى كارخانىلار ھۆكۈمەتكە تەۋە بولماستىن، بەلكى مۇدىرىيەت تۈزۈمى ئارقىلىق پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.

2) بازار ئگىلىكىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ئەركىن بولىدۇ. ئادەم كۈچى، كاپىتال ۋە يەردىن ئىبارەت بايلىقلار ئەركىن ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

3) بازار ئگىلىكىدە، باھا ئگىلىكنى تەڭشەيدۇ، بازار ئگىلىكىدە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئەركىن بولۇپ، بايلىق مەنبەسىنىڭ تەقسىماتى قىممەت ئارقىلىق بولىدۇ. بىراق، باھانىڭ ئگىلىكنى تەڭشىشى ئۈچۈن چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى لازىم.① كارخانا بىلەن ئىستېمالچىلار چوقۇم مۇستەقىل گەۋدە بولغان بولۇشى لازىم.② ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېھتىياج بىلەن تەلەپ تەڭ شەكىللەنگەن بازار مەۋجۇت بولۇشى لازىم.③ بازار رىقابىتى ئادىل ھەم چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق شەرتلەر ھازىرلانغاندىلا، باھا بايلىق مەنبەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا پىشاڭلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، پۈتكۈل ئگىلىكنى ئىستېخىيىلىك ھالدا تەڭشەيدۇ ھەم يېتەكلەيدۇ.

بازار ئگىلىكنى يولغا قويغاندىن بۇيانقى ئۆزگىرىش، بازار ئگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئجابىي تەرەپلىرى بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىراق، بازار ئگىلىكى نۇقسانسىز، ئۇ ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. مەلىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىدىن قارىغاندا، مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىلەر مەۋجۇت. بىرىنچى، بازار ئگىلىكىدە رىقابەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بەزىلەر پايدا ھەم ئۇنۇم قوغلىشىپ ساختا مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتمەكتە. بۇنىڭ بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەخلى يېتىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىلەرنى ھۆكۈمەت تەدبىر قوللىنىپ قانۇن تۈزۈمنى، تەلىم تەربىيە ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەل قىلسا بولىدۇ. ئىككىنچى، كارخانىلار كەسكىن رىقابىتى، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىشسىزلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ، يەنە كېلىپ بازار ئگىلىكى، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى، سۇچىلىق ئىشلىرى، دۆلەت مۇداپىئەسى. . . قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى تولۇق ھەل قىلالمايدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلىلەرنى ھۆكۈمەت پىلانلىق ھەل قىلىشى لازىم.

( ئاخىرى 4ـبەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى

گۈلزەپەر مۇھەممەت

ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئەت مەنزىرىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان قېزىلما بايلىقلىرى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن رايونلارنىڭ بىرسىدۇر. شۇڭا شىنجاڭنىڭ بۇ خىل قوش ئەۋزەل شارائىتى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىنتىلىشىنى ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ زوقىنى قوزغىماقتا. شۇڭا بىز شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يەر تۈزۈلۈشىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان قېزىلمىلارنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەپ، ياخشى باشقۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ سەيلى-ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىپ، قەدىمكى بىباھا بايلىق مەنبىيىمىز ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ھازىرقى زامان ساياھەت پائالىيىتى—ساياھەتچى، ساياھەت ئىشلىرى ۋە ساياھەت بايلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇھىم ئامىللاردىن تەركىب تاپقان. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىنسان ھاياتىدىكى غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېردىكى مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئايلانغان.

ساياھەتچىلىك خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 3-كەسىپكە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن تاۋار مۇلازىمەت كەسپىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇ «تۈتۈنسىز سانائەت»، «شەكىلسىز سودا» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ساياھەت دۆلەت ئىچى ساياھىتى ۋە خەلقئارالىق ساياھەتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلغان، ھەر ئىككىلىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ئىچى ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-پۇلنى خەزىنىلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. خەلقئارالىق ساياھەت بولسا، تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ، دۆلەتنىڭ خەلقئارا كىرىم-چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادا چىقىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

ساياھەتنىڭ چەتكە چېتىشلىق خاراكتېرى، ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرى، مەدەنىيەت خاراكتېرى ۋە ئىقتىسادىي خاراكتېرى قاتارلىق كۆپ خىل خاراكتېرى ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە رولىنى بەلگىلىگەن. ساياھەت دۆلەت ئىقتىسادىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى رولى ۋە ئورنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ دۆلەتكە ۋە مىللەتكە پايدىسى كۆپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى كۈچەيتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا

چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دۇنيادىكى يېڭى ئۇچۇرلارنى تارقىتىدۇ. چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تارماقلىرىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ساياھەت جەھەتتە، مۇناسىۋەتلىك سانائەت بۆلۈملىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، يەنى يېمەكلىكلەر، كۆندىلىك بۇيۇملار، ساياھەت ئاۋارلىرى، خاتىرە بۇيۇملىرى، قول سانائەت سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ساياھەتچىلىك يەنە قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، مېھمانخانا مۇلازىمىتى، ساياھەتچىلەرنى يېتەكلەش مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى كونكرېت رولى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. ساياھەتچىلىك تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ دۆلەتكە قۇرۇلۇش مەبلىغى توپلاشنىڭ مۇھىم بىر يولى.
2. ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش پۇلنى خەزىنىلەشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى.
3. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغاندا، ئىشسىزلارنى ئازايتقىلى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ.
4. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇناسىۋەتلىك تارماق ۋە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى (قاتناش-ترانسپورت، بىناكارلىق قۇرۇلۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپى ۋە سودا قاتارلىقلار) ئىلگىرى سۈرىدۇ.
5. ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمىنى ئاشۇرۇپ ئىقتىسادىي ئاساسىنى كۈچەيتىدۇ.

ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ساياھەت بايلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، يەنى ساياھەت بايلىقى بولمىسا، سەيلە قىلىدىغان ساياھەتچىلەر بولمايدۇ. ئۇنداقتا ساياھەت بايلىقى دېگىنىمىز — ساياھەتچىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، سەيلە قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا قىلىش، ئارام ئېلىش، تەمىنى تېتىش، بىلىم ئۆستىدە ئىزدىنىش، داۋالىنىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش قاتارلىق ساياھەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ماددىي شارائىتنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئومۇمەن ساياھەت قىلىش ھەۋسىنى قوزغىيالىغىدەك ھەر خىل شەيئىلەر مەسىلەن، — رايون ئالاھىدىلىكى، تەبىئەت مەنزىرىسى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، تارىخىي مەدەنىيەت، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساياھەت بايلىقى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ساياھەت بايلىقى، تەبىئىي بايلىق ۋە گۇمانىتارلىق بايلىق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ساياھەت بايلىقى قانچىكى ئۆزگىچە بولسا، شۇنچە جەلپ قىلىش سېھرىي كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

شىنجاڭدا ئەنە شۇنداق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان تەبىئەت مەنزىرىسى، تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان ئىزلار، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، تاشقا ئايلانغان جەسەتلەر، تاش ئابىدىلەر، بالباللار، قەدىمكى يېزىقلاردا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى تېپىش، رەتلەش، قوغداش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۇنيا ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئىشلىرىمۇ خېلى تېز راۋاجلىنىپ، ساياھەت جەمئىيىتى، ساياھەت مېھمانخانىسى،

(داۋامى 20-بەتتە)

# مەمۇرىي دەۋانىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىكى رولى توغرىسىدا

فېردۆن پەتتار

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى مەمۇرىي دەۋانى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار ۋە مەمۇرىي خادىملارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، بەزى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە توساش، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا.

بۇ جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. لېكىن تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، يەنە بىر تەرەپتىن بىز يەنىلا بۇرۇنقى پىلان ئىگىلىكى شارائىتىدىكى كۆز قاراش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز. يۈرەكلىك ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلىرى بەزىدە مەلۇم توسقۇنلۇق ۋە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ بۇ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئۆز ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئىقتىدارىمۇ يېتەرلىك ئەمەس. بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىلىرى بازارنى قانۇن ئارقىلىق تەڭشەش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەمۇرىي دەۋانىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارىي قىلدۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بازار ئىگىلىكى قانۇن تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ داۋاملىق، تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

مەمۇرىي دەۋانىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشتىكى رولى قانۇن بويىچە بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

بازار ئىگىلىكىدە بازار سۇبيېكتى بولغان كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي سۇبيېكتلىرى پەيدىنپەي كۆپخىللاشتى، دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىك، جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى ۋە چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىگىلىك قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. دۆلەت ھەر تۈرلۈك ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بازار رىقابىتىگە باراۋەر قاتنىشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك، يەنى ھەممە كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

لېكىن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە باشلامچىلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار يەنىلا پىلان ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قېلىپىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاستا بولۇۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادتا بىر قەدەر ئارقىدا قالغان رايون. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پەرقنى ئازايتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش قەدىمىنى تېزلىتىش ھازىرقى مەزگىلدىكى بىر مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى.

نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مەمۇرىي ئورگانلار ئىسلاھات ئېلىپ بارماقتا. لېكىن بۇ ئىسلاھات بىر قەدەر ئاستا بولۇۋاتىدۇ. كۆپلىگەن ئىقتىسادىي ئورۇنلار يەنىلا پىلان ئىگىلىكى مەزگىلىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇۋاتىدۇ. بەزى يەرلىك ھۆكۈمەت ياكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، كارخانا ياكى كارخانا تۈزۈمىدە باشقۇرۇلۇۋاتقان كەسپىي ئورۇنلارغا قارىتا نامىنى ئۆزگەرتىش، قانۇنىي ۋەكىلىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇش (ئەلۋەتتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بۇنىڭ سىرتىدا) قاتارلىق كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. بەزى يەرلىك ھۆكۈمەت ياكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرمەي، ئىسلاھات نامى بىلەن كارخانىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش، زورلۇق كۈچ بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئايرىۋېتىش ياكى قوشۇۋېتىش، تەستىقلاتقان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى ياكى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت پائالىيىتىگە كۆپ قىيىنچىلىق ۋە زىيانلارنى كەلتۈرمەكتە.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھازىر زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ۋە بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىگە ماس كېلىدىغان قانۇن-مىزانلار تېخى مۇكەممەل ئەمەس، كۆپلىگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ ئۆتكۈنچى باسقۇچتا كېلىپ چىققان ھەر تۈرلۈك مەمۇرىي دېلولارنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكتسىيە ئىسلاھاتى ۋە كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى مۇستەقىللىقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ھەر قايسى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، كارخانىلارنى ھەقىقىي بازار رىقابىتى سۇبيېكتى سۈپىتىدە بازارغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

مەمۇرىي دەۋانىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشتىكى رولى بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇش تەرتىپىنى ئۈنۈملۈك قوغداش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەت شەكلى—رىقابەتتۇر. رىقابەتنىڭ ئادىللىقى چوقۇم قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. مەمۇرىي ئورگانلار قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن بازار ئىگىلىكىگە بولغان باشقۇرۇشنىمۇ چوقۇم قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

مەمۇرىي دەۋانىڭ دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكىگە بولغان ماكرولۇق تەڭشەشتىكى رولى-ماكرولۇق تەڭشەش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ماكرولۇق تەڭشەش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

خەلق سوت مەھكىمىسى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەر توغرىسىدىكى دېلولارنى سوت قىلىش ئارقىلىق بازار ئىگىلىكى پائالىيىتىدىكى مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كارخانىلارنىڭ بازار ئىگىلىكى پائالىيىتىدىكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى جازالايدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھوقۇقى ئارقىلىق كارخانىلارغا كۆرسەتكۈچلۈك

پىلان چۈشۈرۈشى توغرىسىدىكى مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن قانۇنىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان ھەرىكەتلەرنى توسايدۇ. بۇ پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشكە، تەدرىجى ھالدا بازارنى ئاساس قىلىپ، باشلامچى پىلاننى ئاساس قىلىش ئارقىلىق، دۆلەت ئېھتىياجلىق كۆرسەتكۈچلۈك پىلاننىڭ تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق.

يەنە بىر تەرەپتىن قانۇنغا خىلاپ ھالدا كۆرسەتكۈچلۈك پىلان چۈشۈرگەن مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھوقۇقى ئارقىلىق پۇل-مۇئامىلە بازىرىنى رەتكە سېلىش توغرىسىدىكى دېلولارنى سوت قىلىش ئارقىلىق، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇنلۇق كرېدىتنى قوغداپ، پۇل-مۇئامىلە تەرتىپىنى ساقلايدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ پۇل-مۇئامىلە بازىرىغا بولغان قانۇنلۇق نازارەت ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى قوغداپ، قانۇنسىز پۇل-مۇئامىلە پائالىيەتلىرىنى توسايدۇ ۋە جازالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇنغا خىلاپ مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىپ، پۇل-مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. كرېدىت ۋە ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى باج ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش توغرىسىدىكى مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىش ئارقىلىق، باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. باج يىغىش تەرتىپىنى قوغدايدۇ. باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى جازالايدۇ. قانۇنغا خىلاپ مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىپ، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇن تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز ماموت

＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊＊

(بېشى 17-بەتتە)
ساياھەتچىلىكنىڭ مۇھىم ئۆچ ھالقىسى دىسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەندى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم بىر باشلامچى كەسپى بولغان ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى ناھايىتى كۆپ. بىز ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ئەۋزەللىك دەپ قاراپ، ساياھەت بايلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئۈستۈنلىكىمىزنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ماموت

# غەربىي يۇرتتىكى زوروئاستېر دىنى توغرىسىدا بايان

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

گاۋ يۇڭجيۇ

مىلادى 226-يىلى پېرسىيىلىك ئارداشىر I (مىلادى 226-240-يىللار) پارفىيە پادىشاھلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ساسانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان، ئارداشىر I نىڭ ئىسمى پاپىكان ساسان بولۇپ، پارس (پېرسىيىنىڭ ئۆز زېمىنى)[26] رايونىدىكى ئىستاخىر بەگلىكىنىڭ هۆكۈمرانى ئىدى. ئۇنى «زوروئاستېر (زەردۇشت) كاھىنلىرى (مۇتئەللىملىرى) دېيىشكە بولىدۇ[27]. ب. گ. غاپپاروۋ ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىكىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «زوروئاستېر كاھىنلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار زوروئاستېر دىنىنى دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرغان. ‹شاھ تەختى نەزىر-چىراغ مېھرابىنىڭ تۈۋرۈكى، شۇنداقلا نەزىر-چىراغ مېھرابى، شاھ تەختىنىڭ تۈۋرۈكى›، دېگەن بۇ ئىككى جۈملە سۆز، ئارداشىر I نىڭ مەشھۇر سۆزىدۇر»[28]. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، خانلىقنىڭ هۆكۈمرانلىرى دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى قوغدىغان، شۇڭا، زوروئاستېر دىنى تەبىئىي هالدا پادىشاھ جەمەتى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان دىن بولۇپ قالغان. ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ هەر قايسى دەۋرلىرىدە تارقىتىلغان كۈمۈش پۇللارنىڭ هەممىسىگە زوروئاستېر دىنى مېھرابىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەنلىكى بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بىراق شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلىرىدە، هەر قايسى هۆكۈمرانلار تارقاتقان كۈمۈش پۇللاردىكى زوروئاستېر دىنىنىڭ مېھرابى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بەزى نۇسخىلار پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، شاپۇر I دەۋرى (310-379-يىللار) دە قويۇلغان كۈمۈش پۇللارنىڭ ئارقا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا زوروئاستېر دىنىنىڭ مېھراب نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن، مېھرابىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كاھىن بار. ئارداشىر I دەۋرى (379-385-يىللار) دە قويۇلغان كۈمۈش پۇللارنىڭ ئۈستىگە: «ئاھۇرامازدانىڭ چوقۇنغۇچىسى، مۇقەددەس ئارداشىر، شاھلارنىڭ شاھى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، ئارقا يۈزىدە يەنىلا مېھرابىنىڭ نۇسخىسى بار. خۇسراۋ I دەۋرى (531-579-يىللار) گە كەلگەندە، كۈمۈش پۇللاردىكى نۇسخىلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ، پۇلنىڭ ئارقا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېھراب نۇسخىسى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە مۇقەددەس ئوت، يۇلتۇز، ئاي ۋە كاھىنلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن[29].

ساسانىيلار سۇلالىسى ئەسلىدىكى ئىران رايونىنى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، قەيسەرلىك بىلەن هۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، «پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىنى ۋە مەرۋى ئويمانلىقىنى» تەدرىجىي هالدا ئۆزىگە قارىتىۋالغان[30]. شۇڭا، زوروئاستېر دىنى مۇشۇ رايونلاردىمۇ گۈللىنىپ هەمدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسلى بار بولغان زوروئاستېر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇشۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى كۆپ،

بۇنىڭ ئىچىدە، سەمەرقەندكە ئائىت مەلۇماتلار ئىنتايىن مول. سەمەرقەند قەدىمكى سوغدىيانا دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. «ۋېينامە» نىڭ 102ـجىلدىدا: «سەمەرقەند سوغدىيانانىڭ كېيىنكى نامى. . . . غوزلارنىڭ ئۆز قانۇنى بار ئىدى، زوروئاستېر ئىبادەتخانىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 221ـجىلدىدىمۇ: «سەمەرقەندلىكلەر زوروئاستېردىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «تەڭداشسىز مېھىر-شەپقەت ساڭرامىدىكى ئۈچ ئۇلۇغ نوم ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دا: سەمەرقەندنىڭ «پادىشاھى ھەم پۇقرالىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىكەن، ھەممىسى ئوتقا چوقۇنىدىكەن. ئىككى ئىبادەتخانىسى بولسىمۇ، لېكىن تۇراقلىق راھىبلىرى يوق ئىكەن، يولۇچى راھىبلار كېلىپ قالسىمۇ، غوزلار ئۇلارنى ئوت بىلەن قوغلاپ، ئىبادەتخانىدا تۇرغۇزمايدىكەن»㉛ دەپ خاتىرىلەنگەن. بارتولد، شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى زوروئاستېر دىنى بىلەن بۇددا دىنىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «جوڭگولۇق ئالىي راھىب شۈەنزاڭنىڭ مىلادى 630ـيىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلىپ يازغان خاتىرىسىدىن بىز شۇنى قىياس قىلالايمىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا زوروئاستېر دىنىنىڭ بۇددا دىنىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ»㉜. VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان «دۇخۇەننىڭ سەپەر خاتىرىسى» دىمۇ: «سەمەرقەند مايمارغ دۆلىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان، يەنە بىر نامى سېممۇكەنت دەپ ئاتىلىدۇ، تۇپرىقى مۇنبەت، خەلقى باياشات، ئەمما زېمىنى كىچىك، ئۇلار زوروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مەشھۇر ئىبادەتخانىلىرى بار، بۇ دۆلەتتە تالانتلىق كىشىلەر ناھايىتى كۆپ»㉝ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن زوروئاستېر دىنىنىڭ سوغدىيانادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دىن ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. سوغدىيانا رايونىدا، ھەتتا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلاردا بۇ دىن كەڭ تارقالغان، خۈي چاۋ مۇنداق دەپ يازغان: «ئەرەب (پارس) دۆلىتىنىڭ شەرقىدە غوزلار دۆلىتى، يەنى بۇخارا، كېبۇد، كېش، شىزار، مايمارغ، سەمەرقەند دۆلەتلىرى بار. بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا خانلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئەرەب (پارس) لەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىكەن، يەنە بۇ ئالتە خانلىق زوروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، بۇددا دىنىنى ئۇقمايدىكەن»㉞. قېزىۋېلىنغان VI ئەسىرگە ئائىت سوغدى پۇللىرىغا: «پارس دىنىنىڭ ئۇلۇغ-ئالىي راھىب پادىشاھى» دېگەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن ㉟. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاجىك-سوغدى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ياقۇبوۋسكىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1947ـ1948ـيىللىرى ھازىرقى پەنجىكەنت شەھىرىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەدىمكى پەنجىكەنت شەھىرىدە قېزىش ئېلىپ بارغانىدى. قېزىقارلىقى شۇكى، ئۇ يەردىن «يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن سىزىلغان رەڭلىك تام رەسىملىرى، ياغاچتىن ياسالغان تۇۋرۇكلەر ۋە نەقىشلەپ بېزەلگەن ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئىبادەتخانىسى خارابىسى تېپىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شەھەر سىرتىدىن ئاتەشپەرەستلىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قەبرىسىمۇ بايقالغان»㊱. ب. گ. غاپپاروۋ: «ھازىر بايقالغان بىر قىسىم دىنىي مۇراسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ۋە تام رەسىملىرىگە ئاساسەن، سوغدىلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ تىپىك ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. سوغدىلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا يەرلىك قەدىمكى نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىسىنىڭ بىر قىسمى (مەسىلەن، ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار) ساقلاپ قېلىنغان»㊲ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىگە دوگما خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ، يۇقىرىدا بىز ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ خوسراۋ I دەۋرىدە قويۇلغان كۈمۈش پۇللىرىغا مېھراۋتىن باشقا يەنە مۇقەددەس ئوت، ئاي، يۇلتۇزنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى

ئبيتتۇق، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاسمان جىسىملىرىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار رايونىغىلا خاس ئىش ئەمەس. فرومكىن بۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «بەزى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن زوروئاستېر دىنىنىڭ پەرقى بار دەپ قارايدۇ، ئۇلار: زوروئاستېر دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىن ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، مۇقەددەس كىتابى يوق، بەزى ئەقىدىلىرىنىڭ مەنبەسى قەدىمىي؛ ئاتەشپەرەسلىك دىنى بولسا ئىسلاھ قىلىنغان زوروئاستېر دىنى بولۇپ، مۇقەددەس كىتابى بار، بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى شەكلى ‹ئاۋىستا›، دىن ئىبارەت؛ زوروئاستېر دىنى بىلەن ئىسلاھ قىلىنغان زوروئاستېر دىنى يەنى ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ دىنىي قائىدىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىكى سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك، دەيدۇ»㊳. يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن ھىندىستاندىكى براخمان دىنىنىڭ ئاتەشپەرەسلىكى ئوخشاشمايدۇ. براخمان دىنىدا، ئاتالمىش «ئۈچ ئوت» قا چوقۇنىدۇ، ئۇلار ئائىلە ئىگىسى ئوتى، چوقۇنۇش ئوتى، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نەزىر-چىراغ ئوتى ㊴. ھىندىستاندىكى ئاتەشپەرەسلەر VII ئەسىردە پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن كۆچۈپ بارغان، ئۇلار ئاساسەن بومباي رايونىغا مەركەزلەشكەن㊵.

يۇقىرىدا ئاساسەن سوغدىيانادىكى زوروئاستېر دىنى توغرىسىدا سۆزلىدۇق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زوروئاستېر دىنىنىڭ يەنە ئىككى مەركىزى بولغان خارەزىم ۋە باكتېرىيەدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتىن تېپىلغان نەرسىلەرمۇ ناھايىتى مول.

1964-يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قارا قالپاقىستان شۆبىسىدىكى گودكوۋا خارەزىم رايونىدا، ھازىرقى ئامۇ دەرياسى دېلتىسىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىدىكى توقتاۋ تۆپىلىكىدىن تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، نۆكۈسنىڭ غەربىي شىمالىدىن 14 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا VII - VI ئەسىرگە ئائىت قەبرىستانلىقنى بايقىغان. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، «يەر ئاستىدىكى لەھەتلەردە نۇرغۇن جەسەت قويىدىغان ئويۇقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەج، سېغىز توپا، ياكى تاشتىن ياسالغا جەسەت ساندۇقلىرى قويۇلغان. كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، جەسىتى دالىغا تاشلىنىپ، قۇش-ھايۋانلار ئۇنى تالىشىپ يەپ ئۇستىخانلىرى قالغاندىلا، ئاندىن جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىپ، لەھەت ئويۇقلىرىغا قويۇلغان. بۇنداق دەپنە قىلىش ئادىتى ھىندىستاندىكى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئادىتى بىلەن بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن»㊶. گودكوۋا بۇنى شەك-شۈبھىسىز زوروئاستېر دىنىنىڭ دەپنە قىلىش ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ ㊷.

VII - VI ئەسىرلەردىكى زوروئاستېر مۇرتلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن يەنە ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ زوروئاستېر دىنىنى چەتكە قاققانلىقىنى ۋە زوروئاستېر مۇرتلىرىنى باستۇرغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

باكتېرىيە رايونى زوروئاستېر دىنى ئەڭ بالدۇر تارقالغان رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، زوروئاستېر دىنى ناھايىتى گۈللەنگەن، تاكى ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەنگە قەدەر، بۇ يەردە نۇرغۇن زوروئاستېر مۇرتلىرى بولغان. دۈمن چېگشىنىڭ «غەربتە يېزىلغان ئەدەبىي پارچىلار» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللار بۇ پاكىتلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئەرەبلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، زوروئاستېر دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاستا-ئاستا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. شۇ چاغلاردا ئەرەبلەر زوروئاستېر دىنىنىڭ تەسىرىنى تېزدىن تۈگىتىش ئۈچۈن، «خەلىپە بەلگىلىگەن ۋالىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ زوروئاستېر دىنىغا ئائىت كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن»㊸. زوروئاستېر دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ۋەيران قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان.

## 3

زوروئاستېر دىنىنىڭ شىنجاڭغا قاچان تارقىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر كەمچىل. چېن يۈەن ئەپەندى، زوروئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغان ۋاقتىنى مىلادى 516_519-يىللار ئارىلىقىدا دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يىل دەۋرنى ئانچە توغرا ئەمەس، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ قاراشماقتا. ئۇنداقتا، زوروئاستېر دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى، يەنى ئۇنىڭ جۇڭگوغا تارقالغان ۋاقتى قايسى سۇلالە-خانلىق دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ؟ «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتابتا: «زوروئاستېردىنى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىلا شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن»[44] دېيىلگەن. بۇنىڭغا زوروئاستېر دىنىنىڭ مېھرابى تېپىلغانلىقى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ مېھرابىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرگە ئائىت مەدەنىي مىراس ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. مەن بۇنىڭغا گۇمانى قاراشتىمەن. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش توغرىسىدا مۇشۇنىڭ، ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندىلەر ئۆز ماقالىلىرىدە قاراشلىرىنى بايان قىلغان: 1976_1978-يىللىرى، شىنجاڭدىكى تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدا تىك قېزىلىپ ياغاچ بىلەن قاپلانغان يەتتە قەبرە تېپىلغان. لەھەتنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان توپا دۆۋىسىنىڭ بىر قىسمى بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تاش دۆۋىسىنىڭ قالدۇق ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. توپا دۆۋىسىنىڭ تۆت تەرىپى تاش تام بىلەن ئورالغان. بىللە دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە بىر جۈپ ھايۋان ھەيكىلى، ئولتۇرغۇزۇلغان بىر دانە چاسا مىس قاچا بار. يۇقىرىقى ئۈچ ئەپەندى مۇنداق يەكۈن چىقارغان: «ئالغۇي جىلغىسىدىن تېپىلغان بۇ بىر تۈركۈم مەدەنىي يادىكارلىقلار روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. مىستىن ياسالغان چاسا قاچىغا ئوخشاش مەدەنىي يادىكارلىقلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كۆپلەپ تېپىلغان. ئىنچىكە قارىغاندا، گەرچە مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي ئۇسلۇبى بىردەك بولۇپ، بۇلار ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەت مېھرابى، ساك مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك يادىكارلىقلىرى دەپ قارالماقتا»[45]. بىللە دەپنە قىلىنغان يىپەك رەخت ۋە سىرلانغان قاچىلاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى يېغىلىق دەۋرى ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بۇيۇملاردۇر؛ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە قارىغاندا، ئاساسلىق قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بۈگۈنگىدىن $2345 \pm 75$ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا، يەنى يېغىلىق دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ[46]. مېنىڭچە، ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرەر نەرسىگە قاراپلا، زوروئاستېر دىنى شۇ چاغلاردا شىنجاڭغا كىرىپ بولغان، دەپ يېنىكلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنى تېخىمۇ كۆپ ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن كۈمۈش پۇللاردىن قارىغاندا، زوروئاستېر دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. شيانەي ئەپەندى، بۇ كۈمۈش پۇللار ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ كۈمۈش پۇللار ئايرىم-ئايرىم ھالدا شاپۇر I دەۋرى، ئارداشىر I دەۋرى، خۇسراۋ I دەۋرى ۋە خورمادىس IV دەۋرىگە ئائىت بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 310_590-يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇللارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى، تۈرلىرىنىڭ تولۇقلىقى ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغچات تېغى ئارىسىدىن بايقالغان 947 دانە كۈمۈش پۇل زىخچە ئالتۇنلار بىلەن بىرگە تاش ئارىلىرىدىن تېپىلغان [47]. جۇڭگودا بايقالغان شاپۇر I دەۋرىگە ئائىت 14 دانە كۈمۈش پۇل[48] شۇ تۈركۈم كۈمۈش پۇللار ئارىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى پۇل ھېسابلىنىدۇ. شاپۇر I دەۋرىدە (مىلادى 310_379-يىللار) ساسانىيلار

سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەن، ھەربىي كۈچى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقان بولۇپ، تېررىتورىيىسى غەربتە شەرقىي رىمغا، شەرقتە خوراسانغا تۇتاشقان. شۇ چاغلاردا يىپەك يولى سودىسى راسا گۈللەنگەن، گەرچە شۇ مەزگىلدە جۇڭگودىكى ھەر قايسى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئۆزئارا ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان. ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان زوروئاستېر دىنىمۇ تەبىئىي ھالدا شەرققە تارقىلىپ كىرگەن. ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلىرى قۇيدۇرغان كۈمۈش پۇللارنىڭ ئۈستىگە زوروئاستېر دىنىنىڭ مېھراب نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭدىن زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر قايسى دەۋرلەردىكى كۈمۈش پۇللارنىڭ ئارقا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئومۇمەن دېگۈدەك پېرسىيە دۆلىتىنىڭ زوروئاستېر مېھرابىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن. مېھرابىنىڭ ئۈستىدە يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت كۆرۈنۈشى بار. شاپۇر I دەۋرىدىن باشلاپ، كۈمۈش پۇلدىكى ئوت نۇسخىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا زوروئاستېر ئىلاھىنىڭ يېرىم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. مېھرابىنىڭ ئىككى يېنىغا پەھلىۋى يېزىقىدا «پالانى شاھ ئوتى»㊾ دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇ دەۋردىكى كۈمۈش پۇلىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كۆپلەپ كىرگەنلىكىدىن قارىغاندا، زوروئاستېر دىنى كەم دېگەندىمۇ مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن، يەنى زوروئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگەن ۋاقتى مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرى دېيىشكە بولىدۇ. لىن ۋۇشۇ ئەپەندى «ۋېينامە» 5-جىلد «گاۋزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرىلەر»، 6-جىلد «شيەنزۇخان ھەققىدە خاتىرىلەر»، 7-جىلد «گاۋزۇخان ھەققىدە خاتىرىلەر» ۋە 8-جىلد «شىزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرىلەر» گە ئاساسەن: «V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىنىڭ زوروئاستېر مۇرىتلىرى ھەقىقەتەن جۇڭگوغا كىرىپ بولغان، بۇ چېن يۈەن ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن»㊿ دەپ جەزملەشتۈرگەن. لېكىن لىن ئەپەندى ئۆز قارىشىغا ئاساس قىلىپ ئالغان تارىخىي ماتېرىياللار پەقەت ئۇدۇن (خوتەن) دۆلەتلىرىنىڭ سوۋغات تەقدىم قىلغانلىقى ھەمدە «پادىشاھ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر» نىڭ زوروئاستېر مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، زوروئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگەنلىكىنىڭ پاكىتى قىلىپ كۆرسىتىشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەلچىلەر ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن مۇقەررەر ھالدا ئۆز دۆلىتىگە قايتىدۇ، ئۇلارنىڭ زوروئاستېر دىنىنى تارقىتىشى ناتايىن.

مەملىكىتىمىزدە بايقالغان ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 1157 دانە كۈمۈش پۇلى ئىچىدە، شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغىنىلا 1011 دانە بولۇپ، بۇ پاكىت كۆپلىگەن زوروئاستېر مۇرىتلىرىنىڭ پېرسىيە كۈمۈش پۇللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭ رايونىدا سودا-سېتىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن زوروئاستېر دىنىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇلار بىلەن بىرگە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋېي، جىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، قوچۇ رايونى زوروئاستېر دىنىنى تارقىتىدىغان مەركەزگە ئايلانغان. «ۋېينامە» نىڭ 101-جىلدىدا، «قوچۇ خانلىقىدىكىلەر ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ» دېيىلگەن. «سۈينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دىمۇ «قوچۇ خانلىقىدىكىلەر ئاسمان ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دېيىلگەن. 1950-ۋە 1955-يىللىرى، ئارخېئولوگلار ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىن ساسانىيلار سۇلالىسىغا ئائىت ئىككى تۈركۈم كۈمۈش پۇللارنى تاپقان. (1950-يىل ئۈچۈرىسىدە 20 دانە، 1955-يىلى 10 دانە). شيانەي ئەپەندى بۇ ئىككى تۈركۈم كۈمۈش پۇلنىڭ كۆمۈلگەن ۋاقتىنى مىلادى

IV ئەسىرنىڭ ئاخىرى V ئەسىرنىڭ باشلىرى دەپ بېكىتكەن[51].

قوچو خانلىقىنىڭ جاڭخې 5-يىلى (مىلادى 535-يىل) غا ئائىت «نەزىر-چىراغ ئۆچۈن ئىلىنغان قوي ھېسابى» دا: «دىڭ گۇتيەن (丁谷天) دە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈلدى» دېيىلگەن. 1965-يىلى تۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنجارىق قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان شۇ دەۋردە يېزىلغان بۇددا ھەققىدىكى بېغىشلىمىدا: «شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى خان ئانا ئىبادەتخانىسىدا ئىبادەت قىلىندى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «دىڭ گۇتيەن» دىڭ گۇ دېگەن جايدىكى زوروئاستېر ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆز قاراش تۇرپان قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەپ-تۈزۈش گۇرۇپپىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىرلىشىپ يازغان «تۇرپاندىكى جىن-تاڭ سۇلالىلىرىگە ئائىت قەبرىلەردىن چىققان يازما ماتېرىياللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان[52]. كېيىن ۋاڭ سۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قوچودىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرگەن[53]. بىراق لىن ۋۇشۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قوچولۇقلارنىڭ ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنۇشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. لىن ئەپەندى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «‹دىڭ گۇتيەن› دېگەن سۆزنى دىڭگۇدىكى ئاسمان ئىلاھى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەر نامى قوشۇلغانىكەن، ئۇنى ھەرگىز ئوت ئىلاھى، يەنى ئاھۇران مازدا دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. دىڭ گۇتيەن ئىلاھىنىڭ نامى، ئۇ قانداقتۇر ئىبادەتخانا تۈرىدىكى دىنىي قۇرۇلۇش ئەمەس» [54]. لىن ئەپەندى يەنە «ۋېينامە» نىڭ 101-جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان «قوچولۇقلار ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ» دېگەن سۆز ئۈستىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئاسمان ئىلاھى» ئۇلار ئېيتقان «ئوت ئىلاھى» ئەمەس، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «دىڭ گۇتيەن» ھەققىدىكى دەلىلنى ئۆز قارىشىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «دىڭ گۇتيەننىڭ ئىبادەتخانا بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئىستىسنا قىلغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش تۈرىدىكى بىر خىل دىنىي ئېتىقاد ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىمىز»[55]. شۇنىڭ بىلەن بىللە، لىن ئەپەندى يەنە «ۋېينامە» نىڭ 102-جىلدىدا كىنگىت ئېلىدىكىلەر «ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ» دېگەن خاتىرىدىكى «ئاسمان ئىلاھى» مۇ ئاتەشپەرەسلىك بولماستىن، «بەلكى شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەتكە چوقۇنۇشى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن»[56] دەپ كۆرسىتىدۇ. مەن زوروئاستېر دىنىنىڭ بۇ ئىككى رايونغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى شەك-شۈبھىسىز دەپ قارايمەن، نۇقتىلىق مەسىلە تارقىلىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇر تېيىزلىكىدە، يەنى تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ياكى تارلىقىدا. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش پۇللىرىنىڭ تېپىلغانلىقى ۋە دۇنخۇاڭدا يازما يادىكارلىقلارنىڭ چىققانلىقى قوچو رايونىدا زوروئاستېر دىنىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

زوروئاستېر دىنى قوچودىن باشقا، ئۇدۇندىمۇ كەڭ تارقالغان. «كونا تاڭنامە» نىڭ 198-جىلدىدا: «ئۇدۇن دۆلىتىدە ئاتەشپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلىدۇ» دېيىلگەن، «كونا بەش دەۋر تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇنلۇقلار ئوت ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ» دېيىلگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ رايونىدا زوروئاستېر دىنىنىڭ تارقىلىشى مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تاكى ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەنگە قەدەر داۋام قىلغان. گەرچە زوروئاستېر دىنى شىنجاڭدا يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرى قىرغىز، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە تاكى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە[57].

ئىزاھلار:

㉖ھىت (Hitt) يازغان، ماجيەن تەرجىمە قىلغان «غەرب ئومۇمىي تارىخى» 1-قىسمى (خەنزۇچە) ، سودا نەشرىياتى، 1979-يىل نەشرى، 183-بەت.
㊲㊸㉗㉘㉚㉟㊱ ب. گ. غاپپاروۋ يازغان، شياۋجىشىن تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكلارنىڭ تارىخى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، 97-، 98-، 98-، 121-، 120-، 121-، 121-، 137-بەتلەر.
㉙ شيانەي: «جۇڭگودا يېقىندا بايقالغان پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش پۇللىرى» ، «ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» نىڭ، 1957-يىل 2-سانىغا بېسىلغان.
㉛خۇي لى: «تەڭداشسىز مېھىر-شەپقەت ساڭرامىدىكى ئۈچ ئۇلۇغ نوم ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» 2-جىلد.
㉜ بارتولد يازغان، لوجىپىڭ تەرجىمە قىلغان، «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 42-بەت.
㉞㉝ياڭ جيەنشىن: «قەدىمكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسىگە بېرىلگەن تاللانما ئىزاھات» ، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل نەشرى، 133-، 114-بەتلەر.
㊷㊳㊶ فرومكىن يازغان، خۇاڭ جىنخۇا تەرجىمە قىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى» ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، 1981-يىل، 48-بەت.
㊴㊿لىن ۋۇشۇ: «زوروئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىشى ھەققىدىكى قايتا تونۇش» ، «دۇنيادىكى دىنلار توغرىسىدا تەتقىقات» 1987-يىل 4-سانىغا بېسىلغان.
㊵ «ئوكيانۇس. تارىخ قىسمى» (دۇنيا تارىخى. ئارخېئولوگىيە) ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1982-يىل نەشرى، 17-بەت.
㊹㊼ لى تەييۈ تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى دىنلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 14-، 20-بەتلەر.
㊺㊻ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ 30 يىللىق ئارخېئولوگىيىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى، 5-، 23-بەتلەر.
㊿㊼㊽㊾شيانەي: «جۇڭگودىن تېپىلغان پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش پۇللىرى ئۈستىدە ئومۇمىي بايان» ، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» نىڭ 1974-يىل، 1-سانىغا بېسىلغان.
52 تۇرپان قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەپ تۈزۈش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تۈزگەن «تۇرپاندىكى جىن-تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت قەبرىلەردىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ، «مەدەنىي يادىكارلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1977-يىل 3-سانىغا بېسىلغان.
53ۋاڭ سۇ: «قوجودىكى ئاتەشپەرەستلىك دىنى توغرىسىدا» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىل 3-سانىغا بېسىلغان.
54 55 56لىن ۋۇشۇ «قوجولۇقلارنىڭ ‹ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنۇشى› توغرىسىدا» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىل 4-سانىغا بېسىلغان.


(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىل 4-سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلارا خەمىت

تەرجىمە تەھرىرى: ئەزىز يۇسۇپ

# يارغۇل قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىلەردە ئەكس ئەتكەن قاڭقىل مەدەنىيىتى

ياڭ يىيوڭ

1994-يىلى 8-ئايدىن 11-ئايغىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىدىن يارغۇل قەدىمكى شەھىرىنى تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلغان ئالدىنقى باسقۇچلۇق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىنى ئورۇنداش جەريانىدا، يارغۇل قەدىمكى شەھىرىدىن 100 مېترچە يىراقلىقتىكى 1-نومۇرلۇق دۆڭدىن قاڭقىل خانلىقىغا يېقىن ئالاقىدار مۇھىم بىر قەبرىستانلىقنى تاپتۇق ۋە قازدۇق. قەبرە كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزۇلغان، ياخشى ساقلانمىغان، ھەمدەپنە نەرسىلەرنىڭ كۆپى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن قەبرىدىن مەلۇم بولغان مول ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتتىن قارىغاندا، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرغان مۇھىم بىر ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلما دېيىشكە بولىدۇ. پېقىر قەبرىدىن چىققان نەرسىلەرگە ئاساسەن ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپداشلاردىن مەسلىھەت سورايدۇ.

## 1. قەبرىلەر يەرلىك قاڭقىللارنىڭ مەدەنىيەت يالدامىسى

(1) قەبرىلەرنىڭ توپ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى. قەبرىلەر ئاساسەن رەتسىز ئۇزۇنچاق دۆڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن جەنۇب قىسمىدا. قەبرىلەرنىڭ مەدەنىيەت قىياپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، دۆڭلۈكنىڭ جەنۇبىدىن بىر ئېرىق كولىدۇق، دۆڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى گۆرۈپپا قەبرىنى ئېنىقلىدۇق، 55 قەبرىنى قازدۇق، قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە ئاساسەن يۇملاق تاش دۆۋىسى بەلگە قالدۇرۇلغان. يەرلىكلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن، بىر خىلى ئۇزۇنچاق تىك ئورا، بىر خىلىنى تىك ئورا شەكلىدە كولاپ، يېنىغا ئىچكۆر چىقىرىلغان، گۆرلەرنىڭ ئاغزى ياغاچ بىلەن يېپىلغان. مېيىت تاختىراۋان، تاۋۇت، ياغاچ، پاخال، بورا ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان. مېيىتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پۇتىنى سوزدۇرۇپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، ئايرىم پۇتىنى يىغدۇرۇپ ياتقۇزۇلغانلىرىمۇ بار. بىر گۆرگە بىر كىشى قويۇلغان ئەھۋالمۇ، بىر گۆرگە ئىككى كىشى، ئۈچ كىشى، ئالتە كىشى قويۇلغان ئەھۋالمۇ بار. ئىككى كىشى، ئۈچ كىشى قويۇلغان گۆرلەر ئومۇمىي

گۆرنىڭ %60 نى تەشكىل قىلىدۇ. كۆپىنچە ئەر-خوتۇن ۋە قورامىغا يەتمىگەن بىر بالا بىرگە قويۇلغان. ئات (تۆگە) نى بىللە كۆمۈش ئادىتى ئەۋج ئالغان.

ھەمدەپنە نەرسىلەر ساپال، سۆڭەك، ياغاچ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، تاش، يۇڭ، سىر ۋە پاختا بولۇپ ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ساپال بۇيۇملار قول بىلەن ياسالغان، كۆپ قىسمى سىدام قىزىل ساپال، ئايرىم، كۈلرەڭ ۋە گۈللۈك ساپاللارمۇ بار. گۈللىرى ئۈچ بۇرجەك، ئۈچ بۇرجەك ئىچىگە يانتۇسىزىق، ياي شەكىللىك سىزىق چىقىرىلغان. ساپال بۇيۇملار ئىچىدە كوزا، قازان، پىلىچەك، تەشتەك، سوزما قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساپال قازان، پىلىچەك، ئۇرىق، ئىككى قۇلاقلىق، ئۈچ قۇلاقلىق خۇمىرىلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۆڭەك بۇيۇملار ئەڭ كۆپ، قېزىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بېزەك، مونچاق، ھالقا ۋە ئويمىلاردۇر. سۆڭەك تۈگمە، سۆڭەك پىچاقلارمۇ بار. كۆپىنچىسى ئات جابدۇقلىرىدۇر. بۇ بۇيۇملار ئاساسەن چوڭ چارۋىلارنىڭ سۆڭىكىدىن ئىشلەنگەن. ياغاچ سايمانلاردىن يائوقى، باشاق، چوماق، ئوت چىقارغۇچ، تۈگمە، قوتا، پىچاق قاتارلىقلار بار. ھەممىسى قول بىلەن ياسالغان. ياغاچ سايمانلار 40 دانىچە بولۇپ، ئۇلاردىن 18ى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار بۇ، ئومۇمىي ياغاچ سايمانلارنىڭ %45 نى تەشكىل قىلىدۇ. تۆمۈر بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قويما بولۇپ، ئايپالتا، يۈگەن، ئېغىزدۇرۇق، توقا، باشاق، ھالقا، بېزەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سانى 31 دانە. ئۇلاردىن ئات جابدۇقلىرىغا ۋە چارۋىچىلىققا ئىشلىتىلىدىغانلىرى 16 بولۇپ، ئومۇمىي تۆمۈر قوراللارنىڭ %52 نى تەشكىل قىلىدۇ. مىس بۇيۇملار ئاساسەن قويما بولۇپ، كۆرگە، توقا، بېزەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بولقىدا سوقۇپ ياسالغان بولۇپ، قاداق، ھالقا، بېزەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلاردىن بىرنەچچە خىلى شىنجاڭدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۆزى ئەجدىرھاغا، تۇمشۇقى قۇشنىڭكىگە ئوخشايدىغان، پۈتۈن بەدىنىدە قاسىرىقى بار بىر مەخلۇقنىڭ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يۈگەم كېلىدىغان، پۇتى قۇشنىڭكىگە ئوخشايدىغان غەلىتە ھايۋاننىڭ يولۋاسنىڭ دۈمبىسىنى چوقۇپ تۇرغان ئوبرازى بار. يەنە ئىككى مۈڭگۈزىگە نەپىس ئالتۇن بېزەكلەر قوندۇرۇلغان بۇغىنىڭ ئوبرازى بار. تۈگمىگە ئېسىلغان ئالتۇن بېزەكلەرمۇ بەك ئېسىل. قېزىۋېلىنغان كۈمۈش بۇيۇم ئازراق، لېكىن بىر كالا بېشىغا ئىشلەنگەن بېزەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، مۈڭگۈزى ئەگمەچ، قۇلىقى يوغان، ئاغزى ياپىلاق سۆكالىسى ئويما كۆرسا ئۈستىگە قوندۇرۇلغان.

## 2. قەبرىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكى ۋە ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى

يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىلەردىن ئالتۇن يولۋاس، ئۆزى ئەجدىرھاغا، تۇمشۇقى قۇشنىڭكىگە ئوخشايدىغان غەلىتە مەخلۇقنىڭ ھەيكىلى، مىستىن ياسالغان ھايۋان بېشى، تۆمۈر ئايپالتا، سۆڭەككە ئويۇلغان يولۋاس قاتارلىقلار چىقتى. ئۇلار 1989-يىلى ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان قوينى چىشلەپ تۇرغان مىس يولۋاس①، 1980-يىلى 5-ئايدا ئايدىڭكۆل ئىتتىپاق 3-دادۈينىڭ مەھەللە غەربىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان مىس ئات②، 1985-يىلى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئالتۇن يالىتىلغان مىس يولۋاس③، ياڭخەيدىن چىققان مىس ئىلمەكلەر بىلەن بىر قاتاردا ئوردوس مېتال سايمانلىرى دەپ قارالماقتا. بۇنداق مىس سايمانلار بىلەن ئالتۇن سايمانلار

ئېلىمىزنىڭ شىمال قىسمىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ ھۇن مەدەنىيەت يالدامىلىرىدا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدۇر.

قاڭقىللارنىڭ مەدەنىيەت يالدامىلىرى ئىچىدە يۇقىرىقىدەك ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ بار. 1987-يىلى ياڭخېي قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە مىس قۇلۇلە، 15 دانە دېڭىز قۇلۇلىسى④ تېپىلدى. 1980-يىلى سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن سىرلانغان سايمان⑤ تېپىلدى. بۇ قېتىم يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن سىرلانغان سايمان، مەشۇت توقۇلما، سۆڭەك قۇلۇلە، قۇلۇلە ۋە يارماق تېپىلدى.

تىيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى جەنۇبىي ئېتىكىدىكى چاۋۇخو مەدەنىيىتىگە ياتىدىغان ساپال بۇيۇملار، مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ئائىت ساپال بۇيۇملار يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىنمۇ تېپىلدى. سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ يۇقىرىقىدەك ساپال تېپىلدى. چوڭ قەبرىدىن تېپىلغان ئۇزۇن بويۇنلۇق ساپال قوتا ۋە S شەكىللىك مىس كۆرگۈ چاۋۇخو مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن قېپقالغان يالدامىلارغا مەنسۇپ بولغان داشىگۇ قەبرىستانلىقىدىنمۇ چىقتى⑥. باش سۆڭەككە تۆشۈك تېشىدىغان ئادەت تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قاڭقىل مەدەنىيىتىدە يوق دېيەرلىك ئىدى، لېكىن چاۋۇخو مەدەنىيىتىدە بىر قەدەر كۆپ يولۇقتى.

قاڭقىل مەدەنىيەت يالدامىلىرى ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ھۇن مەدەنىيىتى يالدامىلىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت يالدامىلىرى ۋە چاۋۇخو مەدەنىيەت يالدامىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ؟ مەن تەتقىق قىلىپ كۆردۈم، بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى دەپ قارايمەن: بىرى، قاڭقىلنىڭ ئورنىنىڭ مۇھىم قاتناش يولى ئۈستىدە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىرى، خەن دەۋرىنىڭ ئالدى-كەينىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ قاڭقىلنى تالىشىپ ھۇنلار ۋە قاڭقىل خانلىقى بىلەن نەچچە ئون يىل قاتتىق ئۇرۇشقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چاۋۇخو مەدەنىيىتى پەيدا بولغان جاي—خېجىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىمالىي قارمۇدۇن يېزىسى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭ قەبرىستانلىقى بىلەن جۇغراپىيە جەھەتتە چېگرىداش ئەمەس، مەھەللىۋىي خاراكتېرى ناھايىتى ئېنىق بولغان چاۋۇخو مەدەنىيىتى نېمە ئۈچۈن قاڭقىل مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدا كىتابقا يېزىلمىغان ئىككى جىلغا يول بار، قولايلىق قاتناش ئىككى جاينى تۇتاشتۇرىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى ئالغۇي دەرياسى تىيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جىلغىدىن باشلىنىدۇ. ئۇ چاۋۇخو مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان قاراشەھەر دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇلاستاي دەرياسىنىڭ بېشى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەدىمدىن بۇيان ئالغۇي دەرياسى تىيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن قاڭقىل مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇپ كەلگەن، بۇنى كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىسپاتلىدى. ئالغۇي ۋادىسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىن، جۇملىدىن توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يۇرگۇ قاتارلىق ۋادىلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ چاۋۇخو مەدەنىيىتى بىلەن ئورتاقلىقى ئاساسەن گۆرنىڭ شەكلى، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، ساپال بۇيۇملاردا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئالغۇي دەرياسىدىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملار ئاساسەن تەشتەك، سوزما، خۇمرا، ئىۋرىق ۋە پىيالىچەك قاتارلىقلاردۇر. خۇمرىلارنىڭ ئاغزى كىچىك، قورسىقى يوغان، تۈۋى يۇمىلاق ياكى تۈز، رەڭدار گۈل نۇسخىلىرى ئاساسەن ئۈچ بۇرجەك، ئۈچ بۇرجەك تورسىمان سىزىق، چۆگۈلىمەچ سىزىق ۋە ئۈچ بۇرجەك بىلەن چۆگۈلىمەچ سىزىقنى ئاساس قىلغان ئۆزگىرىشچان خىلمۇ خىل گۈل نۇسخىلىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. چاۋزخۇ ساپال بۇيۇملىرىدا جوغىلىق سايمانلار ئەڭ تىپىك، گۈل سىزىلغان ئورۇن بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، بۇيۇملارنىڭ بىر تەرىپىگە ياكى بويىنىغا گۈل چىقىرىلغان. گۈل نۇسخىلىرى ئاساسەن ئۈچ بۇرجەك، تورسىزىق، كاتەكچە سىزىق، چۆگىلىمە سىزىق ئۇچرىمىدى⑦. چاۋزخۇ مەدەنىيىتىمۇ، ئالغۇي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان يالدامىلارمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى زامان يالداملىرى ئىچىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى شياۋساۋخۇ، يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىستانلىق، ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، سۇبېشى قەبرىستانلىقى، پىچاندىكى ياڭخەي—ھەممىسىدىن چۆگىلىمە گۈللۈك ساپال قاچىلار تېپىلدى، بۇلارغا ئالغۇي ۋادىسىدىن چىققان گۈللۈك ساپاللارنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدە گەپ يوق. يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭ قەبرىستانلىقى بىلەن سۇبېشى قەبرىستانلىقىدىن چاۋزخۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان چوڭ ئېغىزلىق ۋىرىنكا ۋە كىچىك ۋىرىنكا قاتارلىق ساپال بۇيۇملار تېپىلدى. قىزىق يېرى شۇكى، 90-يىلىنىڭ بېشىدا خېجىڭ ناھىيىسى بالغۇنتاي بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى داشىگۇ قەبرىستانلىقى قېزىلىپ، چاۋزخۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلدى. قېزىۋېلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە ۋىرىنكا بار. لېكىن سانى چاۋزخۇ قەبرىستانلىقىدىكىدىن جىق ئاز، بەزى قەبرىلەردە ئۇچرىمايدۇ. بىر قەبرىدىن چاۋزخۇ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەبرىلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان، ئالغۇي قەبرىستانلىقىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان چۆگىلىمە گۈل سىزىلغان ساپال بۇيۇملار چىققان. داشىگۇ قەبرىستانلىقىدىن نېمە ئۈچۈن ئالغۇي ۋادىسىغا مەنسۇپ رەڭلىك ساپال چىقىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، داشىگۇ قەبرىستانلىقى قاپچىغاي ۋادىسىدا، بۇ دەريا جەنۇبقا ئېقىپ بېرىپ ئۇلاستاي دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇلاستاي دەرياسى بىلەن ئالغۇي دەرياسىنىڭ بېشى بىر دېيەرلىك. بۇ ئىككى دەريا ئىككى جاينىڭ مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرغان. داشىگۇ قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىشى بىلەن، چاۋزخۇ مەدەنىيىتى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەرلىك قوش مەدەنىيىتىنى باغلايدىغان بىر ھالقا كۆپەيدى.

تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن تيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چاۋزخۇ مەدەنىيىتى ئالغۇي ۋادىسى ئارقىلىق باغلانغاندىن سىرت، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى دەريا ۋادىلىرى ئارقىلىقمۇ ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى كونكرېت يول تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىن شياۋساۋخۇدىن ئۆتۈپ، بەياڭخې دەرياسىنى بويلاپ تيانشاندىن ئۆتۈپ، سەيۋۇپۇغا، ئاندىن تيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلارغا بارىدۇ. نېمە ئۈچۈن خەن دەۋرىدە مۇشۇ يول بار ئىدى دەپ جەزمەنلەشتۈرىمىز؟ بىر تەرەپتىن، شياۋساۋخۇ سەيۋۇپۇ خارابىلىقلىرى ۋە قەبرىستانلىقلىرىدىن چىققان يالدامىلار، بولۇپمۇ ساپال بۇيۇملار بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قاغىل مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بار. يەنە بىر تەرەپتىن، سەيۋۇپۇ بىلەن تيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن باشلانغان ئۈرۈمچى دەرياسى ۋادىسىدىكى بەنفاڭگۇ قاتارلىق جايلاردىن جوغىلىق ساپال قاچىلار ۋە چاۋزخۇ مەدەنىيىتىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغان مىس قورالغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چىققانلىقى بۇنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

دېمەك، خەن دەۋرىنىڭ ئالدى-كەينىدە، قاغىل خانلىقى تيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قولاي قاتناش يولىدا بولۇپ، قولاي قاتناش شارائىتى ئىككى جاينىڭ باردى-كەلدىسىنى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇڭا يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىستانلىقتا ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا چاۋزخۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە يالدامىلىرىنىڭ ئۇچرىشىنى نورمال ئەھۋال دېيىش كېرەك.

غەربىي يۇرتنى خەن سۇلالىسى كونترول قىلىشتىن بۇرۇنلا ھۇنلار ئىشغال قىلغانىدى. «غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر. . . ھەممىسى ھۇنلارغا قارايتتى، ھۇنلارنىڭ غەرب تەرىپىگە باتىسقان غەربىي

يۇرتنى ئىدارە قىلىدىغان تۇڭپۇكابېگى قويغان. . . ⑧» خەن دەۋرىدە قاڭقىل پادىشاھلىقى ھونلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ھون پادىشاھىنىڭ چارۋىلىرى تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىدا بېقىلغان بولسا كېرەك. مەسىلەن، «بەن يۇڭ (كوسەندىن) ئون مىڭدىن ئارتۇق ساللات-سەرۋازنى باشلاپ ئالدى قاڭقىل ئوردىسىغا باردى. ھونلارنىڭ پادىشاھى يىلىنى بېخىكۇدىن قوغلاپ چىقاردى.⑨» بەن يۇڭ كوسەندىن قاڭقىلغا بارغانلىقتىن، يىغىكۇدا مال باققان خان ئېلى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە بولۇشى كېرەك.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالى «ئالدى قاڭقىل، كەينى قاڭقىل ۋە شەرقىدىكى چۇمۇل، بىراكى، باركۆل، ئىجۋا قاڭقىل ئالتە بەگلىكىنى تەشكىل قىلغان. شىمالىي ھونلار بىلەن تۇتىشىدۇ»⑩. دېمەك، ھازىرقى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايون ھونلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى. بۇ ھونلار پادىشاھ قويانىنىڭ كۆچۈپ بولۇشى كېرەك. «شىمالدىكى ھونلارنىڭ پادىشاھى قويان باركۆل بىلەن چىڭخەي ئارىلىقىدا يۇرمىتى»⑪.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىمۇ ھونلارنىڭ بىر تارمىقى، «شىمالدىكى ھونلار چېرىكچى بەگ گۇمن چۇڭنى لۇكچۇندە قورشىۋالدى»⑫. پىچاننىڭ ياڭخەي، سۇبېشى قاتارلىق جايلىرىدىن ھونلارنىڭ يالدامىلىرىنىڭ ئۇچراپ تۇرۇشىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«جاۋدى دەۋرىدە ھونلار قاڭقىلغا يەنە 4000 ساللات ئەۋەتكەن»⑬. «يەنە دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، ھونلارنىڭ قاڭقىلغا قەدەم بېسىشى بىرىنچى قېتىم ئەمەس. ھونلار تۇرپان ئويمانلىقىغا بارغاندىن كېيىن، «قاڭقىلنىڭ باي-گۈزەل جاي»⑭، تېپىلماس گۆھەر زېمىن ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇ يەرگە پۇت تىقىپ، ئۆزىنىڭ پۇختا بازىسىنى قۇرۇش كويىغا چۈشكەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ قاڭقىلغا كىرىشى خەنۇدى «ۋۇدى تيەنخەن 2-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 99-يىلى) دىن باشلانغان، ھونلارنىڭ تەسلىم بولغان ۋاڭىغا باشلامچى بەگ دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن، كىرورانىنىڭ قوشۇنلىرىغا قاڭقىلدا زەربە بېرىلگەن»⑮. مىڭخېنىڭ 4-يىلى (مىلادى 89-يىلى)، «نۇرغۇن بەگلىكلەرنىڭ ئىسكەرلىرى بىرلىشىپ قاڭقىلنى قورشىۋالدى، قاڭقىل خانى تەسلىم بولۇپ، خەن سۇلالىسىگە يۇقىرا بولدى»⑯. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قاڭقىلنى بويسۇندۇردى. دىجيېنىڭ 2-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68-يىلى) چېرىكچى بەگ ئەۋەتىپ، قاڭقىلدا تۇرغۇزدى»⑰، خەن سۇلالىسى شۇنىڭدىن باشلاپ قاڭقىلدا پۇت تىرەپ تۇرالىدى. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، شۈەندىنىڭ دىجيې 2-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68-يىلى) دىن يۈەندىنىڭ جيەنجاۋ 3-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 35-يىلى) غىچە بولغان 33 يىلدا قورۇقچى بەگ يارغۇلدا تۇرغان، كېيىن چىڭدىنىڭ ياڭشو 4-يىلىدىن شىنماڭنىڭ تيەنفېڭ 3-يىلى (مىلادى 16-يىلى) غىچە بولغان 40 يىلدا چېرىكچى بەگ قوجۇدا تۇرغان⑱. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يارغۇل 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىستانلىقتا قاڭقىل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىسى بار، ئاقسۆڭەكلەر يارغۇل شەھىرى ئىچىدە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ قاڭقىل مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى باشقا مىللەتنىڭكىدىن بىۋاسىتە، كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر بولىدۇ.

خەن سۇلالىسى ئالدىنقى قاڭقىل ئوردىسى قاتارلىق جايلاردا چېرىكچى بەگ تۇرغۇزسا، ھونلار تۇرالماي كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قاڭقىل يېرى مۇنبەت، گۈزەل يەر، بىزگە يېقىن يەر، خەن سۇلالىسى پۇت تىقىۋالسا، يەر ئېچىپ ئاشلىق توپلاپ، بىزگە زىيان سالىدۇ، تالاشماي بولمايدۇ»⑳ دەپ قاراپ، دىجيېنىڭ 2-يىلىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئەسكەر ئەۋەتىپ قاڭقىلنى تالاشتى. خەن سۇلالىسىمۇ قاڭقىلدا يەر ئېچىشتىن ئالدىراپ ۋاز كەچمىدى، دەلمۇدەل تاقابىل تۇردى، كۈچىنىڭ بىرىچە تىركىشتى. شۇنىڭدەك قاڭقىلدا يەر ئېچىشقا سېلىنىمىنى كۆپەيتىپ، «ئۈچ چېرىكچى بەگنى

قائىقىلدا تۇرغۇزدى»[21]. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ قائىقىلىنى تالىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرە تارتىش ئۇرۇشى خەنۇۇدى غەربىي يۇرتتا قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرغىچە 30 نەچچە يىل داۋام قىلدى، بۇ تارىختا «قائىقىلىنى بەش قېتىم تالىشىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

قائىقىلىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ھۇنلارمۇ، خەن سۇلالىسىمۇ خېلى كۆپ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ قائىقىلىنى تالىشىپ سەرپ قىلغان ئەسكىرىي كۈچىنى تۆۋەندىكى خاتىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز: «(دىجيېنىڭ 3-يىلى) جاۋدى دەۋرىدە 4000 سالالات قائىقىلدا يەر تېرىدى»[23]. «ھۇنلار قائىقىلىنى غەربىي يۇرتتىكى باشقا ئەللەردىن قورۇپ، ئوڭقول ۋە سولقول سەركەردىلەر باشچىلىقىدا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قائىقىلنىڭ ئولڭ يىنىدا يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى. . .»[24]. شۈەندىنىڭ يۈەنكاڭ 2-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 64-يىلى) ھۇنلار قائىقىلىنى خەن سۇلالىسىدىن يەنە بىر قېتىم تالاشتى. شۇ چاغدا ھۇنلار ئوڭقول، سولقول ئەركانلىرىغا 6000 دىن سالالاتنى ۋە يەنە ئوڭقول، سولقول سەركەردىلەرنى قوشۇپ يەنە بىر قېتىم قائىقىلغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى: «جىلڭ جى لوپنۇردىكى يەر تېرىيدىغان ئەسكەرلەردىن 7000 دەك كىشىنى باشلاپ قائىقىللارنى قۇتقازغىلى باردى، ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، قۇتقۇزالمىدى». ئاخىرى خەن سۇلالىسى قائىقىل يۇقرالىرىنى كۆچۈرۈپ، لوپنۇرغا ماكانلاشتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ[24]، بوشىتىلغان قائىقىل زېمىنىنى يۇتۇنلەي ھۇنلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى. ھۇنلار 1000 سالالات ئەۋەتىپ قائىقىلىنى ساقلىدى»[25].

خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار قائىقىلىنى تالىشىپ ھەر قېتىمدا مىڭلاپ-ئون مىڭلاپ ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ قائىقىلغا كىرىشى ھۇن مەدەنىيىتى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى بىللە ئېلىپ كىرىپ، قائىقىل مىللىتىگە ئارىلىشىپ، قائىقىل مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشى تۇرغان گەپ. يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرە مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىدىكى سەۋەب ماناشۇ.

## 3. دېگەندەك پىشمىغان بەزى ئەقلىي ھۆكۈملەر

يېقىندا بىز تىلغا ئالغان تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ۋە قېزىۋېلىنغان، تارىخشۇناسلار قائىقىل قەبرىلىرىگە مەنسۇپ دەپ قارىغان ياڭخەي، سۇبېشى ئايدىڭكۆل ۋە قاغىچاق قەبرىستانلىقلىرىدا ئات، بولۇپمۇ شۇنچە كۆپ ئاتنى ئۆلگۈچى بىلەن بىللە كۆمگەن ئەھۋالنى ئۇچراتمىدۇق. سۇبېشى 1-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقى M10 دا، ئۆلگۈچى بىلەن بىللە يۇگەن، ئېغىزدۇرۇق، تاسما، ئىگەر، توقىمغا ئوخشىغان نەرسىلەر كۆمۈلگەن. 1-ياكى 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا ھەمدەپنە نەرسىلەر ئىچىدە يەنە ئوق، يا، ساداق، ئوۋ قوراللىرى ۋە ياغاچتىن ئوت چىقىرىدىغان سايمان قاتارلىقلار بار. قېزىش خەۋرىدە، قەبرە بار يەرلەر ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۆز ۋاقتىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىن مەلۇم سالماقنى ياكى خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن دېيىلدى. باشتا ئېيتقاندەك، يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىستانلىقتىكى ھەمدەپنە نەرسىلەر ئىچىدە، ئوۋچىلىق قوراللىرىدىن سىرت، ئۆلگۈچى بىلەن بىللە ئات كۆمگەن، بولۇپمۇ چوڭ قەبرىلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق گۆرلەرگە كۆپلەپ ئات كۆمگەن ئەھۋال ئومۇمىي تۈردە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەرگىز ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ھەل قىلالايدىغان مەسىلە ئەمەس، ئۇ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ۋە ئىپادىسى. ئەمەلىيەتتە، تۇرپان ئويمانلىقى ئەزەلدىن چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب ئەمەس. «كېيىنكى خەننامە» دە: «ئارا تۈرك ئاشلىق زىرائەتلىرىگە، ئۈزۈمگە باب، كەندىر، ئۈزۈمگە باب، ئۇنىڭ شىمالىدىكى لۈكچۈننىڭ يېرى

مۇنبەت» دەپ يېزىلغان. يەنە تۇرپان ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى تۈزگەن «تۇرپان رايونىنىڭ ئوتلاق، يەم-خەشەك بايلىقى تەتقىقاتى ۋەچارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشى» دېگەن كىتابتا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئىنتايىن قۇرغاق چۆللۈك ھاۋاسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تۇرپان ئويمانلىقىدا ئوت-چۆپ تۈرى ئاز، مەھسۇلاتى تۆۋەن، قاپلاش نىسبىتى تۆۋەن. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھاۋا مۇھىتى قەدىمدىن ھازىرغىچە ھېچقانچە ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆپلەپ يىلقا بېقىشقا باپ ئەمەس، خەن دەۋرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولۇشى كېرەك.

قەدىمدىن تارتىپ، تيانشاننىڭ شىمالى چارۋىچى مىللەتلەر ياشاپ كەلگەن مۇنبەت زېمىن، يىلقا ماكانى، بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئارا تۇرۇك ھەرىبىي ئاتلىرى دۇنياغا مەشھۇر. شۇڭا، يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىستانلىقتا ئۇچرىغان، بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئاتنى ھەمدەپنە قىلىش ئادىتى قارىقىل پادىشاھلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىككى خىل ئېھتىمالنى ئەكس ئەتتۇرۇشى كېرەك: بىرى، قارىقىللار كونترول قىلغان يەر تۇرپان ئويمانلىقىدىن ھالقىپ، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە يېتىپ بارغان. ئىككىنچى، ئالدى قارىقىل قۇدرەت تېپىپ، تيانشاننىڭ شىمالىدىكى دۆلەتلەرنى ئات ئولپات تاپشۇرتقۇزغىدەك دەرىجىگە يەتكەن. لېكىن كىچىك قەبرىلەردىنمۇ ئات چىققىنىغا، كۆپ قىسىم سۆڭەك سايمانلارنىڭ چوڭ ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغانلىقىغا قارىغاندا، ئىككىنچى خىل ئېھتىمالنىڭ بولۇشى تەس. بىرىنچى خىل پەرەزگە يەنە «خەننامە» دىن دەلىل تېپىشىمىز مۇمكىن. خەن شۇەندى دەۋرىدىن بۇرۇن، قارىقىل بىر چوڭ بەگلىك بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقىنى ۋە بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى كەڭ رايونلارنى كونترول قىلغان. «شۇەندى دەۋرىدە قورۇقچى بەگ سىمانى پىچاننىڭ غەربىدىكى ئەللەرگە قاراشقا ئەۋەتتى، ئۇ قوش (يەنى قارىقىل) نى يېمىردى، لېكىن ئىشنى چالا قىلىپ قويدى، ئۇنى ئالدى قارىقىل، ئارقا قارىقىل ۋە تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە بەگلىككە بۆلۈۋەتتى»㉗. شۇەندى دەۋرىدە قارىقىللارنىڭ كۈچىنى پارچىلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئالدى قارىقىل، ئارقا قارىقىل ۋە تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە بەگلىككە بۆلۈۋەتكەن. بىز يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ قارىقىللارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەسكىرىي كۈچىدىن قارىقىل بەگلىكىنىڭ شۇ چاغدىكى كۈچىنى پەم ئېتەلەيمىز. مەسىلەن: «دىجىينىڭ 2-يىلى. . . .جى، شىلار شەھەر دۆلەتلىرىگە 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ئەۋەتتى، يەنە يەر تېرىغۇچى 1500 ئەسكەر بىلەن قارىقىلغا ھۇجۇم قىلدى㉘. دىجىينىڭ 3-يىلى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر بىرلىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قارىقىلنى ئالدى، پادىشاھى ۋە پۇقرالىرىنى تۇتۇپ كەتتى»㉙. قارىقىلنىڭ ئارقىسىدا ھۇنلار بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇنى جازالاش ئۈچۈن 10 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىشىمۇ قارىقىل دۆلىتىنىڭ كۈچىنى كىچىك چاغلاشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا مولچەرلەشكە بولىدۇكى، يارغول 1-نومۇرلۇق دۆڭدىكى قەبرىستانلىق قارىقىلنىڭ بۆلۈنمىگەن چاغدىكى يالدامىسى بولۇشى مۇمكىن. ۋاقتى تەخمىنەن خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قارىقىل بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى خېلى كۈچلۈك دۆلەت ئىدى.

## ئىزاھلار:

---

① ليۇخۇڭلياڭ، «تۇرپان ئايدىڭكۆلدىكى پەنكەن دېگەن يەردىن چىققان يولۋاس قوينى چىشلەپ تۇرغان مىس ھەيكەل—ئوردۇسچە تۈچ بۇيۇملارنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1992-يىل 2-سان.

②⑤ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى

باشقۇرۇش ئورنى: «شىنجاڭ تۇرپان ئايدىڭكۆلدىكى قەدىمكى قەبرىلەر»، «ئارخېئولوگىيە»
، 1984-يىل 4-سان.

③ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «شىنجاڭ پىچان ناھىيىسىدىكى سۇبېشى قەدىمكى قەبرىلىرىدىن يېڭى تېپىلمىلار»، «ئارخېئولوگىيە»، 1988-يىل 6-سان.

④ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «پىچاندىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى ئوغرىلاش ئەنزىسىدىكى قىسمەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1989-يىل 4-سان.

⑥ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «شىنجاڭ پىچاندىكى سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، «ئارخېئولوگىيە»، 1984-يىل 1-سان.

⑦ بۇ قەبرىلەرنى يولداش لۈيېنگو باش بولۇپ قازغان، ماتېرىيالى رەتلىنىۋاتىدۇ.

⑧ چېن گې: «شىنجاڭ جاۋخۇ مەدەنىيىتىدىن قىسقىچە بايان»، «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1993-يىل 5-سان.

⑨ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

⑩ «كېيىنكى خەننامە. بەن يۇڭنىڭ تەرجىمىھالى».

⑪⑫ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

⑬ «كېيىنكى خەننامە. گىڭ گۇڭنىڭ تەرجىمىھالى».

⑭⑮⑯⑰⑱⑳㉑㉕㉗㉘ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

㉒㉔ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 25-جىلد، دىجيېننىڭ 3-يىلى، يۈەنكاڭنىڭ 2-يىلى.

㉓㉙ «كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى».

㉖ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «پىچان ناھىيىسىدىكى شۇبېشى قەبرىستانلىقىدىكى 3-نومۇرلۇق قەبرە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994-يىل 2-سان.

( «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1996-يىللىق 2-سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇمەخۇن

# شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر نەچچە مۇقەددىمە خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش

مىخائىل خوپپېر

شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس. مىركېئادىي (Mircea Eliade) غا ئوخشاش ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىمۇ يەنىلا: يېقىنقى تەتقىقاتلار كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئوۋچىلارنىڭ دىنى «شامان دىنى» نىڭ ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، دەپ قارىماقتا، ئۇ كارل. ج. نار (Karl. j. Narr) نىڭ نەزەرىيىسىنى تىلغا ئالغان، ئۇ نەزەرىيە «ئېيىق ئۈچۈن نەزىر ئۆتكۈزۈش مۇراسىمى» بىلەن ياۋروپانىڭ كونا تاش قورال دەۋرىدىكى شامان دىنى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇ مۇنداق يەكۈن چىقارغان:

«ياۋروپانىڭ كونا تاش قورال دەۋرى (مىلادىيدىن بۇرۇنقى 50000-يىلدىن تەخمىنەن 30000-يىلغىچە) خارابىلىرىدىن تېپىلغان ھايۋانلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى ۋە ئىسكىلىتلىرىنى مۇراسىمدىكى نەزىرلىك نەرسىلەر دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. . . ئاشۇنداق مۇراسىمنى تەكرار ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، كىشىلەردە تەدرىجىي يوسۇندا بىر خىل سېھىرگەرلىك-دىنىي ئاڭ شەكىللەنگەن: يەنى ھايۋانلار ئۆزىنىڭ سۆڭىكىدىن قەرەللىك ھالدا قايتا تىرىلىدۇ، دەپ ئىشەنگەن. . . ئۇزاق ئۆتمەي، تەخمىنەن مىلادىيدىن بۇرۇنقى 25000-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە، ياۋروپادا ئەڭ بۇرۇنقى شەكىلدىكى شامان دىنىغا ئائىت پاكىت، يەنى قۇش، قوغدىغۇچى ئىلاھ ۋە ئېزىتقۇنىڭ ئىجادىي ئوبرازى بارلىققا كەلگەن.»

قۇش، ئىلاھنىڭ ياردەمچىلىرى ۋە شامانلارغا دائىر بايانلار — ئاتالمىش «ئۆلگەن ئادەمنىڭ سۈرىتى» — ھۆججەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان، گەرچە ئاننېتتې لامىڭ (ئايال، Annette Lamig) ئۆز ئەسىرىدە شامانى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ.

50-يىللاردا، تارىختىن بۇرۇنقى دىنلار توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپانىڭ مول ئۆڭكۈر سەنئىتى رەسىملىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ بىر خىل ئىلىم مودىسىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ كىتابلاردا ھەر بىر خىل ئادەمسىمان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى «سېھىرگەر» (Zauberer) ياكى ئالۋاستىنىڭ «ئوۋچى سېھىرگەرلىكى» (Jagdmagie) دەپ ئاتالغان. ۋېنگرىيىلىك ئارخېئولوگ ج. ماكاي (J. Makkay) 1953-يىلى بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇ بۇ ماقالىسىدە ل. فىرېرېس (LesTroisFreres) نىڭ ئۆڭكۈر سەنئىتى ئوبرازىنى نىقابلانغان بىر ئادەمنىڭ سۈرىتى دەپ ئىزاھلىغان

ھەمدە ئۇنى تارىختىن بۇرۇنقى شامان دىنىنىڭ بىر مۇھىم پاكىتى دەپ قارىغان. بۇ مەشھۇر مۇڭگۇزلۇك ھايۋاننى بىر سېھرگەر، ياكى بىر شامان دەپ ھېسابلىغان.

ئەڭ بۇرۇنقى ئوۋچىلار ھەققىدە يېزىلغان «سېھرگەر، شامان ۋە سەنئەتكار» ناملىق كىتابتا، ئاندرېئاس لوممېل (Andreas Lommel) يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، تېخى دەلىللەنمىگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. لوممېل: بىزنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى سەنئىتىمىز تەخمىنەن بۇندىن 50000—10000 يىل ئاۋۋالقى تارىختىن بۇرۇنقى ئوۋچىلار دۇنياسى («ئەڭ بۇرۇنقى ئوۋچىلار») دىن كەلگەن، دەپ قارىغان. «سەنئەت ۋە شامان دىنى» دېگەن بابىدا، ئۇ كىتابخانلارنى: فرانسىيىنىڭ كانتابرىئان (Cantabrian) دىكى تارىختىن بۇرۇنقى ئۆڭكۈر سەنئىتىنىڭ ھېلىقى مەشھۇر رەڭلىك نۇرلىرى شەكلىدىكى ئۇسلۇبىنىڭ شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ. لوممېلنىڭ كىتابىنى بىر خىل تەنقىدىي نەزەر بىلەن ئوقۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ كۆرسەتكەن پايدىلىنىلغان كىتابلار مۇندەرىجىسىدە ھېلىقى ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەر، جۈملىدىن كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئۆڭكۈر سەنئىتى بايان قىلىنغان كىتابلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا (يەنى 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر) نەشر قىلىنغان مۇشۇ تېمىغا دائىر كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسى تىلغا ئېلىنمىغان.

ئاندرې لېرويى—گۇئان: كونا تاش قورال دەۋرىدە شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئىنتايىن قىيىن، دەپ كۆرسەتكەنىدى. مەسىلەن، مۇشۇ تېمىغا دائىر نەشر قىلىنغان ئەسەرلەردە، ئايال جىنسلىق ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى «ۋېنىس» (ساغرىسى تولۇق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە) دەپ قارالغان، ئەر جىنسلىقتىكىلىرى جادۇگەر ياكى سېھرگەر دەپ قارالغان، كېيىنكىسى كۆپ ھاللاردا «شامان» دەپ ئاتالغان.

بىراق، شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تېخىمۇ تەس. بەزى ئالىملار: گەرچە بەزى ئۆڭكۈرلەرگە سىزىلغان سۈرەتلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا شامانلارنىڭ ئوبرازى ۋە ئىشلەتكەن سايمانلىرى سۈرەتلەپ بېرىلگەن، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يەنە تۈرلۈك مېتاللار مىس قورال دەۋرىدە مۇھىم رول ئوينىغانىكەن، ئۇلار بىزنىڭ يىل دەۋرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئەمما يېقىندا نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرلا بىزنى ئەڭ يېڭى، ھەتتا سانسىز دېگۈدەك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇلارنى قىيا تاشقا ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيالى دەپ قاراشقا بولىدۇ. (ئەگەر شۇنداق ماتېرىياللار بولغان تەقدىردە). بۇ جەھەتتە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60-ۋە 70-يىللىرى بۆرۈلۈش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ مەزگىللەردە يېڭى نەشر قىلىنغان كىتاب-ژۇرناللار بىزنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇ ماتېرىياللار ئافرىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىن سەھرايى كەبىر ئارقىلىق شىمالىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە سىبىرىيىگىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالىملار ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ قىيا تاش رەسىم ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، تەسۋىرلەش، ئويۇش ياكى سىزىشنىڭ پەرەزدىكى «سەنئەتكارلار» نىڭ جادۇگەرلىك-دىنىي ئېتىقاد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشى ھەمدە تۈرلۈك نەزەر ئۇنۇملىكىگە باھا بېرىشى مۇمكىن.... ھەتتاكى، سىبىرىيە قىياتاش رەسىملىرىنى بىزنىڭ ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى شامان دىنىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ بۇرۇنقى ھۆججەتلەر دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ، ياكى تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىياللار ئاشۇ دىنىي ئېتىقادنىڭ بىرىكمە گەۋدىسى (Complexes) نى شەرھلەپ بېرىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ. ھالبۇكى، سىبىرىيىنىڭ شامان دىنى دەل ئاشۇ بىرىكمىدىن تۇغۇلۇپ چىققان ھەم راۋاج تېپىشقا باشلىغان.

يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى سىبىرىيە قىياتاش رەسىم ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلدى ھەم نەچچە يۈز خىل ئەسەر يېزىپ چىقتى، بۇ يېڭى ماتېرىياللار تېخى سىستېمىلىق سىناقتىن ئۆتكىنى يوق، شۇنداق بولسىمۇ، ئالىملار ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ سىبىرىيە شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكتە. ئا. پ. ئوكرانىكوۋ مۇنداق قارايدۇ: تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىلى، شامان دىنى بىر خىل مۇرەككەپ جادۇگەرلىك — دىني شەكىلدىكى ئەمەلىي پائالىيەت سۈپىتىدە بايقال كۆلى رايونىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان، ئاندىن تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000-يىلى شامان دىنى ئورال دەرياسى ۋە ئوب دەرياسى ۋادىلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. باشقا ئالىملارمۇ ئەڭ بۇرۇنقى ئادەمسىمان سۈرەت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-1500-يىللاردىكى ئوكۇنېۋ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ) نى تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان ھەمدە ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شامان دىنى بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئىسپاتلاش ماتېرىيالى قىلماقچى بولغان.

ئىنسانشۇناسلار ئىچىدە بۇرۇنقى شامان دىنى مەسىلىسىگە ھەممىدىن ئاۋۋال قىزىققىنى دىن تارىخى تەتقىقاتچىلىرى، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ دىن تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئىدى. يېقىندا نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىچىدىن، بىز بۇرياتلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى شامان دىنىغا دائىر بايانلارنى تاپالايمىز، ت. م. مىخائىلوۋ قىياتاش رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ۋە «جادۇگەرلىك—دىني ئېتىقاد» قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالغان، بىراق ئۇنىڭ بۇ بايانلىرى خېلىلا مۇجمەل بولۇپ، ئۇ بۇلارنىڭ زادى قايسى قەبىلە ۋە قايسى مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرمىگەن. بىردىنبىر مۇستەسناسى شۇكى، ئۇ ھېلىقى بېشىدا مۈڭگۈزى بار ئادەم سۈرىتىنىڭ گلازكوۋو دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-1000-يىللار) گە ئائىت ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى شامانلارنىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ن. ئا. ئالېكسېيېۋ ئۆزىنىڭ سىبىرىيىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دىن شەكلى توغرىسىدىكى ئەسىرىدە، قىياتاش رەسىملىرىنى سىبىرىيىنىڭ شامان دىنىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ماتېرىيال قىلمىغان، چۈنكى ئۇ بۇ يەردىكى شامان دىنى كېيىنكى چاغلاردا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئاندىن شەكىللەنگەن، دەپ قارىغان. بىراق، بۇ قاراشقا ھەممىلا كىشى قوشۇلۇپ كەتمىگەن، مەسىلەن ئا. ن. بېرنشتام فەرغانە تاغ سىستېمىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى VI - I ئەسىر) دىن تېپىلغان قىياتاش رەسىمىدىكى قىزىقارلىق تەقلىدى سۈرەتنى ئېلان قىلدى ھەم ئۇنى شامان دىنى مۇراسىمىنىڭ پاكىتى قىلدى.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1996-يىل 2-سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

# خوتەننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا

توختىنىياز تۇرسۇن

خوتەن رايونىدا ھازىرغا قەدەر خوتەننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخىي يازما مەنبەلەر ۋە تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار ئىنتايىن ئاز ياكى يوق دېيەرلىك ئىدى. خوتەندىكى ھەر قايسى قەدىمىي خارابىلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تاش قورال دەۋرى، مىس بىلەن تاش قورال بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋر، مىس قورال دەۋرى، تۆمۈر قورال دەۋرىگە ئائىت يىپ ئۇچلىرى بايقالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوراللار يېڭى تاش قورال دەۋرى ياكى مىس قورال بىلەن تاش قورال بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان سۈرمەل تاش، ھاۋانچا، يۇملاق تاش، تاش نەيزە، تاش پىچاق، يونۇش، كېسىش قورالى، ئوۋچىلىق قورالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

1987-1990-يىللىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئامېرىكا ئارىزونا داشۆسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن قۇرغاق رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى خوتەن رايونىدا ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ، كېرىيە، نىيا قاتارلىق ناھىيىلەردىن قەدىمكى زامان مەدەنىيەت دەۋرىگە ئائىت ئالتە ئىپتىدائىي ئىزدىن كونا تاش قورال دەۋرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تاش قوراللار بىلەن تاش پارچىلىرىنى يىغىۋېلىپ، خوتەن رايونىدا ھازىرغا قەدەر قەدىمكى زامان تاش قورال مەدەنىيىتىگە ئائىت مەدەنىيەت يالدامىلىرى يوق بولۇشتەك مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

## I تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

### 1. 87-XYF ئورۇن

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى قارا ياتاقنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 10كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان. تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار دەريا ئېقىنىنىڭ بۇرۇلىدىغان جايىدىكى تىرراسادىن چىقتى. سەككىز دانە ئەۋرىشكىنىڭ ئالتە دانىسى $T^3$ دىن، ئىككى دانىسى $T^2$ ۋە $T^1$ دىن يىغىۋېلىندى. ئۇلار سۈپىتى ئۆزگەرگەن شېغىل، ئاندېزىتتىن چوقۇپ ياسالغان تاش بولقا، تاش ياپراقچە ۋە تاش قورالدىن ئىبارەت. ساپ قىسمى -تاش ياپراقچىسىنىڭ تۆۋەن قىسمى ھېسابلىنىدۇ. كۆپى ئۆزئارا ئورۇلۇپ، ھەرىنىڭ چىشىدەك تىغنى شەكىللەندۈرگەن. تىغىنىڭ بۇلۇڭى ئادەتتە 70° ئەتراپىدا بولۇپ، قىسمەنلىرى 90° قا يېقىنلىشىدۇ. ئەۋرىشكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.5، قېلىنلىقى 5.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ①.

نىيا ناھىيىسىدىكى نىيا دەرياسىنىڭ ئىككى ئاساسىي مەنبەسىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناغرىخانىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈنگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2000 مېتىر، تاشتىن

ياسالغان بۇيۇملار قۇرۇق دەريا قىنىنىڭ قىرغىقىدىن يىغىۋېلىنغان، جەمئىي بەش دانە، بولقا بىلەن ئۇرۇلغان تاش ياپراقچىلىرى بولۇپ، ماتېرىيالى قارا ۋە كۆلرەڭدىكى بۇلۇڭلۇق ياتتۇ شېغىل②.

87-XLF-3 ئورۇن.

خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى لوپ بىلەن ياتتاقلىق ئارىلىقىدىكى ئۆچىنچى دەۋر يەلپۈگۈچسىمان يەر يۈزىگە جايلاشقان، غەربىي شىمال تەرىپى لوپ بازىرىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىر. ئۇ يەردىن تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار ، چوقۇپ ياسالغان تاش مېغىز، تاش ياپراقچىلار يىغىۋېلىندى، ماتېرىيالى قارا ۋە كۆلرەڭدىكى ئاندېزىت③.

يۇقىرىقى بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى 87-XYF، 87-XNF ۋە 87-XLF قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئالىملار بۇ يەردىن يىغىۋېلىنغان چوقۇپ ياسالغان مېغىز، تاش ياپراقچە ۋە تاش قورال بۇيۇملىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن، بىز يىغىپ توپلىغان ئەۋرىشكىلەر كونا تاش قوراللار ئىچىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تۇر، مەسىلەن، پالتىغا ئوخشاش قوش بىسلىق قورالنى ئېلىپ ئېيتساق، كىشىلەرگە دىڭخۇن ئادىمىنىڭ «كۆپ قىرلىق چوقۇش، يونۇش قورالى»نى ئەسلىتىدۇ. قىسقىسى بىرىنچى گۇرۇپپا ئورنىدىكى تاش قورالنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ مەھسۇلى»④ دەپ قارىغان.

بۇ يادىكارلىقلارنى بەزىلەر كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرىنى 7000 يىل ئۆپچۆرىسىدە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا⑤.

نىيا ناھىيىسىنىڭ ئەندىرە دەرياسى بويىدىكى شاياتاقتىن تېپىلغان بىر ئۈچلۇق غول تاش ۋاستىلىك ھالدا ياپىلاقلاش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان بولۇپ، تاش پارچىسى ۋە تاش ياپراقچىسىدىن ئىنچىكە قىلىپ چېقىپ ئالغان ئىزى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق تاش قورال ياساش ئۇسۇلى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياكى ئوتتۇرانچى تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، دەريا بويىدىمۇ تاش قورال دەۋرىنىڭ خارابىسى بار. نىيا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى نىيا خارابىسى گەرچە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ جايدىن دائىم ئالتە قىرلىق تاش شار ئۇچرايدۇ. ئۇ، بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋ قورالى بولسا كېرەك. بۇ يەردىن يەنە ياغاچنى تېشىپ ئوت چىقىرىشقا ئىشلەتكەن كىچىك ياغاچ تاختىلار تېپىلغان، كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئازگاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئوتنى كەشپ قىلىپ ئىشلىتىشى ۋە سۈنئىي يول بىلەن ئوت چىقىرىشنى كەشپ قىلىشى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە كېيىنكى يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئوتتۇرا (ئارا) مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىز دەسلەپكى دەۋرىنىڭ يادىكارلىقى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن⑥.

## I ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى

يېقىنقى يىللاردا، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن 77 كىلومېتىر كېلىدىغان باش كەڭ بۇلاق دېيىدىغان جايدىكى ئۈچىنچى قاپتالدا، مىكرولىت (سىپتا تاش قورال) خارابىسى تېپىلغان. خارابە يۈزىدە تاش قوراللارنى ئۇرۇپ ياسىغاندا قالغان تاش ئۇۋاقلىرى ۋە تاش قوراللار چېچىلىپ ياتقان، ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى 2000ـ2500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەردىن سىپتا تاش قورال ئاساس قىلىنغان 100 دىن ئارتۇق تاش قورال ئەۋرىشكىسى تېپىلدى. ئۇلار كىرىنىلىق تاش، قۇمتاش قاتارلىق تاشلاردىن ياسالغان بولۇپ، تاش قوراللارنىڭ تۈرى ئاساسەن ھەر خىل تاش ياپراقچىسى، تاش غولى، قىرغۇچ، ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تاش ياپراقچىسىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، تاش قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى ئىپتىدائىي، قورالنىڭ شەكلى ئاددىي ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ خارابىنى ئوتتۇرانچى تاش قورال

دەۋرىنىڭ خارابىسى، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە ئىز دىپ قارىماقتا ⑦.

## Ⅲ. يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

### 1) 87-XNM ئورۇن

نىيا ناھىيىسىدىكى نىيا دەرياسىنىڭ شەرقىي بېشىدىكى ئۇلۇغ ساي بىلەن غەربىي بېشىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك جايدا، كوئىنلۇن تېغىغا تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 مېتىر ئەتراپىدا، تەكشىلىكتىكى قېلىنلىقى 10-40 سانتىمېتىرلىق قالدۇق دۆۋىلەر، سۇس قوڭۇر رەڭلىك ئۇششاق قۇم، تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار ناھايىتى جىق چىقتى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا 140 دانىدىن ئارتۇق بۇيۇمنى ئىلغاپ چىقتۇق، سىپتا تاش مېغىزى، سىپتا تاش پارچىلىرى، سايمان-جابدۇق، تاش مېغىزىنى ياساش ئالدىدا ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن تاش ياپراقچە، پوستىدىن ئاجرالغان «سپوللىس» (قىرىندى ياپراقچە) بار. كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ماتېرىيالى قوڭۇر رەڭدىكى كىرىمنىيلىق تاغ جىنسلىرى، ئاز ساندىكىلىرى كۋارتس ياكى تاغ جىنسلىرىنىڭ پارچىلىرىدىن ئىبارەت. شىنا شەكىللىك سىپتا تاش مېغىزى كىرىمنىيلىق تاغ جىنسلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى تەرىپى سوقۇلۇپ ياسالغان، پوستىنىڭ ئۈستىدە تۆت پارچە ئۇچۇپ كەتكەن يېرى بار، ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 42 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 8 مىللىمېتىر.

### 2) 87-XKM ئورۇن

كېرىيە ناھىيە گىدرولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى $T^2$ دە، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىر ئەتراپىدا، بۇ يەر بىر پارچە كۆچمە قۇم بارخانلىرى بىلەن كۆمۈلگەن، تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار قۇم بارخانلىرى ئارىلىقىدىكى جىلغىنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان، قۇم ئارىلاش ساپال پارچىلىرىمۇ بار. تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار بوز رەڭلىك كۋارتس شېغىل ۋە قارا رەڭلىك قىرلىق تاش شېغىلىنى ماتېرىيال قىلغان. بىر دانە تۇۋرۇك شەكىللىك سىپتا تاش مېغىزى، ئىككى دانە سىپتا تاش پارچىسى ۋە يەتتە دانە تاش ياپراقچىسى تېپىلغان. كېيىنكىسى تاش مېغىزىنى ياساشتا ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن⑧.

### 3) 87-XDM ئورۇن.

كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن 17 كىلومېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ تاش يولىنىڭ شىمالىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1500 مېتىر. $T_1$، $T_2$ يەر يۈزىدە نۇرغۇن قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال تېپىغا كىرىدىغان ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. سۇس قوڭۇر رەڭدىكى بىرپار چەكۋارتس سىپتا تاش پارچىسى تېپىلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 224، كەڭلىكى 10 مىللىمېتىر كېلىدۇ⑨.

1976-يىلى 7-ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كىتاب ماتېرىياللار ئىشخانىسى «جۇڭگو ئىپتىدائىي جەمئىيەت خارابىلىرى ئىسىملىك جەدۋىلى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) نى بېسىپ تارقاتقان، ئۇنىڭدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە قىسمەن مىس قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە خوتەن ناھىيىسىدىكى مىلىكئاۋات، نىيا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى نىيا خارابىسى، كېرىيە ناھىيىسىدىكى مەلۇم جاي، لوپ ناھىيىسىدىكى ۋوپ، گۇما ناھىيىسىدىكى كىلىيالڭ، زاڭگۇي ۋە مەلۇم جاي قاتارلىق بىر قاتار ئورۇنلاردىكى خارابىلارنىڭ ئىسىملىكى كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن خوتەن ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى مىلىكئاۋات خارابىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى.

ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر بۇ خارابىنى بۇ ئورۇندىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسەن تاڭ دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتكەن، ئەمما بۇ يەردىن ھەممە يېرى چوڭقۇر چاك كەتكەن ئۈزۈنچاق تاشلار ئۇچرىغان. بۇ بۇيۇملارنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق يادىكارلىق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن⑩.

گۇما ناھىيىسىدىكى ساغاننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېتىكىدىكى ئېدىرلىق ۋە ساغاننىڭ ئەتراپىدىكى غازىغوجام مازىرى خارابىلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئاساسەن ئۇرۇپ كېسىش ئەسۋابى، بىلەي قاتارلىق تاش قوراللار ۋە ئۇۋاق ساپال پارچىسى بولۇپ، ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قوم ئارىلاش قىزىل ساپال، سۇر ساپال، ئاز ساندىكىلىرىگە دولقۇنسىمان سىزىق، تورسىمان سىزىق، چېكىتلىك سىزىق ۋە ئويما سىزىق ئويۇلغان. مىتالدىن ياسالغان يادىكارلىق كۆرۈلمەيدۇ⑪.

گۇما ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇقتا قىزىلتام دەيدىغان بىر جاي بار. بۇ جايدىن قوم ئارىلاش قىزىل ساپال، سۇر ساپال پارچىلىرى، تاش قورال ئۇچرىغان. تاش پىچاق ۋە تاش ئورغاقمۇ بار. بۇ يەردىن تۆمۈر قورال تېپىلمىدى. دېھقانلار يەر يۈزىدىن مىستىن ياسالغان كىچىك زىننەت بۇيۇملىرىنى تېپىۋالغان. ئىمارەت ئىزى يوق. ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كوئىنلۇن تېغى ئېتىكىدىكى پىشنا يېزىسىدىمۇ تاش قوراللار ۋە ساپال پارچىلىرى بار خارابىلەر بار⑫.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى زاۋا بوستانلىقىنىڭ ياقىسىدىكى يۇملاق چاشقان ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرىدىكى سايدا نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى ۋە تاش قوراللارنىڭ سۇنۇقى ئۇچرايدۇ. ساپال پارچىلىرى، قوم ئارىلاش ساپال پارچىلىرى بولۇپ، نەقىش بارلىرى ئىنتايىن ئاز، ھۈنەر سەنئىتى ئىپتىدائىي.⑬

لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋەلىرىمۇ بار. لېكىن كۆپلىگەن كېمە شەكلىدىكى يارغۇنچاقلار ئەسلىدە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە يادىكارلىق بولۇشى مۇمكىن. يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە رەتلىك قىلىپ چوقۇپ ئوقۇرچە كولانغان يۇملاق تۈگمەن تېشىمۇ بار. ئىككىسى بىر دەۋرگە تەۋە ئەمەس⑭.

كېرىيە ناھىيە بوغازلەنگەر يېزىسىنىڭ يەتتە تۇنۇك دېگەن يېرىدىكى چۆلدىن ئاز ساندا تاش قورال ۋە ساپال پارچىلىرى بايقالغان. تاش قوراللاردا سىلىقلىغان ۋە تەشكەن ئىز بار. شامال يېمىرىپ كەتكەچكە، تاش قوراللارنىڭ شەكلىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىكى «كۆكچى شەھىرى» دەيدىغان سايلىقتىكى يادىكارلىقمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مىتالغا دائىر يادىكارلىق يوق⑮.

چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى نۇر تاغلىق رايونىدىكى كونا يامۇل دېگەن جايدىكى 1ـ2 مېتىر توپا قاتلىمىنىڭ ئاستىدىن كۆمۈر، سۇنۇق ساپال پارچىلىرى چىققان. بۇلار ئۇنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ خارابىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ⑯.

## ئىزاھلار:

⑧⑨①②③④ خۇاڭ ۋېيۋېن، لې جياچيالڭ: «شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 92ـ يىللىق 2ـ سان، 79ـ، 80ـ، 81ـ، 82ـ بەتلەر.

⑮⑯⑤⑥⑦⑩⑪⑫⑬⑭ لى يىنپىڭ: «بوددا ئېلى ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 46ـ، 47ـ، 51ـ بەتلەر.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

# ئالتايدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى توغرىسىدا

ۋاڭ مىڭجېي

ئالتاي ۋىلايىتىدە چارۋىچىلىققا باپ گۈزەل تەبىئىي شارائىت بولغاچقا، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتاي شەھىرى چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، قابا، جېمىنەيدىن ئىبارەت ئالتە ناھىيىدە قەدىمىي چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن قىياتاش ئويما رەسىملىرى ھەم ئاز ساندىكى تاش سىزما رەسىملىرى كەڭ تارقالغان. 86-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالتاينى تەكشۈرۈش ئەترىتى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ قوللىشى ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش-باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. تەكشۈرۈلگەن جايلار ئاساسەن ئالتاي شەھىرىدىكى موقۇر جىلغىسى، قانداغان يېزىسىدىكى دولاتى ۋە شورگۇ، چەمىرشەك يېزىسىدىكى ئالتايبۆلەگەن، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بولاتىپ، تورگىن يېزىسى ۋە تاڭبالى ئۆڭكۈرى قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە شۇ قېتىمقى ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

قانداغان يېزىسىنىڭ دولاتى جىلغىسى ئالتاي شەھىرىنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئۇ جەنۇب تەرىپى بىلەن شىمال تەرىپى يىلانسىمان سوزۇلغان ۋە ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىرچە كېلىدىغان تار جىلغا، بۇ جىلغىنىڭ جەنۇبىي كەڭ كەتكەن تاغ ئارىلىقى ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپى دۆڭلۈك، ئېدىرلىق بولۇپ، ئۇ يەرگە ھۆكۈمەت بىناسى جايلاشقان. ئەتراپىدا ئوتلىرى مول، سۇلىرى ئەلۋەك يايلاق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن دولاتى جىلغىسى قەدىمكى زامانلاردا چارۋىچىلارنىڭ تەبىئىي ئۆتكىلى بولغان. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان «سۇ ۋە ئوت-چۆپ بويلاپ كۆچىدىغان» چارۋىچى مىللەتلەر، ئۇياقتا-بۇياقتا بېرىشتا مۇشۇ جىلغا يولىدىن كۆپ ئۆتۈپ مول تاش ئويما رەسىملىرىنى قالدۇرغان. تاش ئويما رەسىملەر نەچچە دۆڭلۈك ۋە ھاڭلارغا تۇتاشقان. بۇ يەردە 100 چە تاش ئويما رەسىمى بار، ئۇلاردا ھايۋانلار بىلەن ئۆي ھايۋانلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ جىلغىنى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى مۇھىم تاش ئويما رەسىملەر كارىدورى دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىرى شورىگۇ جىلغىسى. ئۇ قانداغان يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئېقىنغا جايلاشقان. بۇ يەردىكى تاش ئويما رەسىملەر، جىلغىنىڭ غەربىي بېشىدىكى شەرققە قارايدىغان جىلغىدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئۈزۈلۈپ بىر تۇتاشقان ھالىتى جەنۇبتىن-شىمالغا قاراپ 300 مېتىرچە داۋاملاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭىدىن 10 ى بولۇپ، ئەڭ چوڭى ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى 3-4-مېتىر كېلىدىغان قىياغا ئويۇلغان. ئۇنىڭدا 100 نەچچە ئات-ئۇلاقنىڭ ۋە بەزى پادىچىلارنىڭ رەسىمى بار. ئۇنى ھايۋاناتلار رەسىمزارلىقى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇسسۇل رەسىمى، سېھرىك ئويۇنى رەسىمى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇمۇ شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى مۇھىم بايقاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆكتوقايدىكى بولاتى-تاغ ئارىسى چوڭ ئويمانلىقى بولۇپ، ئويما رەسىملەر بۇ ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى قارامتۇل رەڭلىك، يۈزى سىلىق كەلگەن پەس تاشلارغا جايلاشقان. ئۇلار جەمئىي 100 چە رەسىم بولۇپ، ئۇلارنى ئەسلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ئىدارىسى

تاپقان، شۇ قېتىم قايتىدىن تەكشۈرۈلگەن ۋە سۈرىتكە ئېلىنغان. ئۇ تاغبالى ئۆڭكۈرلىرىدىكى تاش سىزما نۇقتىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئۇ تۇنجى قېتىم 1955-يىلى تېپىلغان. بۇ ئۆڭكۈر كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 50-60 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى بىر تاغ باغرىنىڭ قاپ بېلىگە جايلاشقان. بۇ تاغنىڭ كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، تاش-جىنىسلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى شەرقتىن غەربكە قاراپ يۆزلەنگەن، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 25 مېتىر، ئۆڭكۈرنىڭ غەربىي سەل قىيپاش كەلگەن يانتۇ داۋان شەكلىدىكى ئۇتلاق بولۇپ، ئۇ يەردە كىشىلەر يىغىلىش قىلالايدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئېگىزگە جايلىشىشى تۆۋەندىن قارىغاندا ئاجايىپ سىرلىق تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 5. 11 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 8. 11 مېتىر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەڭدار سىزمىلارنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول. ھەممىسىنىڭ رەڭگى دېگۈدەك قىزغۇچ، پەقەت قېنىق ۋە سۇسلىقىلا ئوخشايدۇ. مەشئەلسىمان، مەركەزداش چەمبەرسىمان غەيرىي بەلگىلەر ۋە نام-ئىزلار، ھايۋانلارغا ئوخشايدىغان سىزما نۇسخىلار، دىنىي ۋەسىقىلەر ئۆڭكۈرنىڭ قىيا تاملىرىغا زىچ جايلاشقان. بۇلار ئۆڭكۈرنىڭ يان تەرىپى ھەم ئۇدۇلىدىن قارىغاندا ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنىدۇ.

شۇ قېتىم تېپىلغان تاش ئويما رەسىملەرنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مۇرەككەپ، بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ياخشىراقلىرىدىن بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1-رەسىم، كېيىك ئاتقان پادىلار. ئۇ دولاتى جىلغىسىدىن تېپىلغان. بۇ رەسىمدىكى ھايۋانلارنىڭ كۆرۈنۈشى جانلىق ھەم چىن، يەنى ئۇنىڭدىكى كالا، قوي، ئىت، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار كىچىكرەك رەسىم يۈزىگە سىغدۇرۇلغان، پادىلار ئارىسىدا بىر يىلقىچى كېيىك ئاتقان ھەم سول قولىدا قانداقتۇر بىر نەرسىنى تۇتقىنىچە ھايت-ھۇيت دەپ ۋاقىراۋاتقاندەك بىر ھالەت ئىپادىلەنگەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، مەزكۇر رەسىمنىڭ سول تەرىپىگە بىر پىل رەسىمى ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يوغانلىقى بۇرنى، زور بەستى شۇنداقلا كالامپايلىق بىلەن كېيىك ئاتقاندەك كۆرۈنۈشى بەكمۇ جانلىق ۋە تەبىئىي چىققان.

ئالتاي تاش ئويما رەسىملىرى: 1. كېيىك ئاتقان پادىلار رەسىمى، 2. رەڭدار بېزەلگەن ئىلاھ رەسىمى، 3. ئۇسسۇل رەسىمى، 4. قوينى تىك كۆتۈرۈپ تۇتقۇزۇش سېرىك رەسىمى، 5. قويلار رەسىمى، 6. يوغىنا مۈڭگۈزلۈك قوي، 7. بۆرە، 8. ياۋا كالا، 9. يوغىرەك بۇغا رەسىمى، 10. جۈپ كالا رەسىمى، 11. يورغا ئات، 12. گۈللۈك مۈڭگۈزلۈك كالا، 13. ئاتنىڭ قىران ھالىتى، 14. پىيادە ئوۋ قىلىش رەسىمى، 15. مال يۆتكەش رەسىمى، 16. يوغىرەك قوي، 17. رەڭلىك ھايۋانلار، 18- ئات يىلقىسى رەسىمى.

3- رەسىم ئۇسسۇل رەسىمى بولۇپ، شورگۇ جىلغىسىدىن تېپىلغان. مەزكۇر رەسىمدە بەش ئۇسسۇلچى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆتەيلەننىڭ بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتقىنىچە بىر رەت بولۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. رەسىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئەر، ئىككىسى ئايالدەك كۆرۈنىدۇ، ئۇلار جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يەنە بىر كىچىك ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھالىتىمۇ بېرىلگەن. بۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ قېشىدا قوي قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بار، بۇلار قەدىمكى زامان چارۋىچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىن سىرتقى خۇشال-خۇرام كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، مول تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە.

4-رەسىم سېرىك ئويۇنى رەسىمى بولۇپ، شورگۇ جىلغىسىدىن تېپىلغان. ئۇ مۇھىم بەدىئىي تاش ئويما رەسىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق رولچى چوڭ مۈڭگۈزلۈك بىر قوينىڭ مۈڭگۈزىگە دەسسىگىنىچە غۇلىچىنى ياي شەكلىدە كېرىپ بىر بالىنى ئۇچىسىغا كۆتۈرۈپ تۇرغان. ئىككى قولىنى بېلىگە قويغان، بىرسى ئۇنىڭ كاللىسىغا مىنگىشىپ مىدىرلىماي تۇرغان. ئۇلارنىڭ

ئاستىدىكى چولڭ مۈڭگۈزلۈك قوي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئۈستىدىكى سىبىرىكچىلەرنى كۆچەپ كۆتىرىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. رەسىمنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يەنە ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قاۋۇل ھەم بەستلىك بىرسى پەس تەرەپتە تۇرغان، ئۇمۇ بېزەلگەن، يەنە بىر ئادەممۇ سىبىرىك ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ بەدىئىي رەسىمنىڭ ئاپتورى چوخچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر قىياتاشنى تاللاپ سىبىرىكچىلەرنى ئەڭ ئېگىزگە ئويغان. ئۇنىڭ بۇنداق قورقۇنچلۇق سىبىرىكنى ۋە سىبىرىكچىلەرنىڭ يۈكسەك ماھارىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىدىن، ئۇنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا، چوڭقۇر پىكىرگە ئىگە دېيىش مۇمكىن. بۇنىسى كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

رەسىمنىڭ ئۈچىنچىسى ئادەمسىمان ئىلاھ رەسىمى. ئۇ كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تاڭبالي ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان. مەزكۇر ئۆڭكۈرنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

بۇ رەسىم بىر خىللا بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدىغان ئىككى سۈرەت بىر خىل قىلىنىپ قىيپاش كەلگەن تاشقا ئويۇلغان. بۇ رەسىم تەتۈر سىزىلغان، سۈس قىزىل رەڭلىك. ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئېگىز ھەم كەڭ، ئۈچى ئۈچلۈق، يېرىم يۇملاق باش كېيىمى چىقىرىلغان. ئۇنىڭ چېكىسىگە زەر بېرىلگەندەك ئىككى رەت قىسقا سىزىقچىلار ئويۇلغان. ھەممە ئۇنىڭ ئىچىدە سىمۋول خاراكتېرلىك قاش، كۆز، ئېغىز، ساقال-بۇرۇتلارمۇ سىزىلغان. بۇ رەسىمنىڭ ئۈستى بىلەن ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.72 مېتىر، ئوڭ-سول تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 1.01 مېتىر بولۇپ (يەنە بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60. 1 مېتىر، كەڭلىكى 1.01 مېتىر)، پۈتۈن رەسىم ئۆزگىچە ھەم ئالاھىدە. ئۇ قويۇق دىنىي سىرلىق تۈس ئالغان.

ئالتاي تاش ئويما رەسىملىرىدىن 1965-يىلى ۋە 1986-يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسەن بۇ رەسىملەرنى ئويۇش ھەم سىزىشتا مۇئەييەن قانۇنىيەت بارلىقىنى، يەنى رەسىم ئويۇلغان كۆپلىگەن قىيا تاش ياكى قىيا تېمىنىڭ شەرققە ياكى بولمىسا جەنۇبقا قارايدىغانلىقىنى بايقىدۇق (ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا تەرەپلەرگە قارايدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە). بۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلساق، رەسىم سىزىغان قىيا تاشنىڭ يۈزى كۈنچىقىش تەرەپكە قارىتىلغاندا، ئۇنى ئۇزۇن قىشنىڭ شىددەتلىك غەربىي شىمال بورىنى ۋە دەھشەتلىك قار-شىۋىرغانلىرىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، بۇنداقتا رەسىم ئويۇشقا ئاسان، ساقلاشقىمۇ قولايلىق بولىدۇ. ۋەھالەنكى غەربىي-شىمال تەرەپكە قارىتىلسا ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. لېكىن بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. تېخىمۇ مۇھىمراقى شۇكى، بۇ خىل ئەھۋال نۇرغۇن قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنۇپ تاۋاپ قىلىشىدەك ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋاللار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىسكىفلار — ساكلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، قۇياش ئۇلارنىڭ چوقۇنىدىغان «ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھى» ھېسابلىنىدۇ①. قەدىمكى گرېكلارنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ھېرودوتمۇ مۇنداق دەيدۇ: «ماساگېتلار ئىلاھلاردىن پەقەت قۇياش ئىلاھىغىلا چوقۇنىدۇ. ئۇلار ئاتنى قۇياشقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتنى قۇربانلىق قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار پانىي ئالەمدىكى ئەڭ يۈگرەك نەرسە ئاتلا، ئىلاھلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈگرەك ئىلاھ — قۇياشقا لايىقتۇر دەپ قارايدۇ.»② ھۇنلاردىمۇ «تەڭرىقۇت سەھەر چىقىپ بارگاھتىن، قىلار تاۋاپ ئەمدىلا چىققان قۇياشقا» دېگەندەك قۇياشقا چوقۇنۇش ئادىتى بولغان③. بۇنداق قەيتلەردىن يەنە كۆپلىگەن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىدىن بۇنىڭغا ئوخشاش دەلىللەر تېپىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى بايقال كۆلى رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى

ئىسكىفلار — ساكلار مەدەنىيىتى ئىزلىرىدىن بولغان چوڭ ھەم داڭلىق تاش ئويمىلىرىدىن «بۇغا تاش» نىڭ ئولۇغ يۈزى ھەم شەرققە قارىغان. ئۇنىڭ ئېگىز تەرىپىگە ئويۇلغان چەمبەر رەسىمى دەل قۇياش ئىلاھىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە ئالايلۇق، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىن كۆپلەپ تېپىلغان ھەمدە ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئەڭ كۆپ تېپىلغان، ئاساسەن تۈركلەر دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان تاش ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزى شەرققە يەنى قۇياش تەرەپكە قارىتىلغان. يەنە شىنجاڭ مەدەنىيەت- يادىكارلىقلار ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئورنىدىن شىمالىي شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۈرلۈك دەۋر، تۈرلۈك تىپقا مەنسۇپ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەبرىلىرى (ئۇيسۇن، ساكلارنىڭ) دىن قازغان ئادەم سۆڭەكلىرى ماتېرىياللىرىمۇ، جەسەتلەر بېشىنىڭ غەربكە، پۇتىنىڭ شەرققە، يۈزىنىڭ كۈنچىقىشتىكى قۇياش كۆتۈرۈلىدىغان يەرگە قارىتىپ قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن ئالتاينىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ بىرى بولغان تاش ئويما رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ شەرققە ياكى جەنۇبقا قارىتىپ ئويۇلغانلىقىدا قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنۇشتەك مەنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. تاش ئويما رەسىملىرى ۋە تاش سىزما رەسىملىرىنىڭ دەۋرى مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپكى بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز. مىللەتلەرنىڭ پائالىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئالتاي رايونىدا تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000-يىل ئۆپچۆرىسىدىن باشلاپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ساك، قوش، قوش، ھون، تۈرك، موڭغۇل قاتارلىق ئاساسلىق چارۋىچى مىللەتلەر پائالىيەت قىلىپ كەلگەن. بۇ تاش ئويما رەسىملىرى ۋە تاش سىزما رەسىملىرى، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەشۇ مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنى ئۇ تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ قالدۇرغان ئىزناسىدۇر.

شورگو تاش ئويما رەسىملىرى نۇقتىسى ئەتراپىدىكى ئېگىزلىكتە قەدىمكى بەزى تاش دۆۋىلىمە قەبرىلەر بار. ئۇلار بىز ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن قازغان تاش دۆۋىلىمە قەبرىلەرگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. دەسلەپكى تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، ئىلىدىكى ئاشۇ تاش دۆۋىلىمە قەبرىلەر مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئاشۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ساكلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرىدۇر④. شۇنىڭ ئۈچۈن شورگو رايونىدىكى تاش دۆۋىلىمە قەبرىلەر ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمىي ساك چارۋىچىلىرى ئوۋ ئوۋلاش ياكى چارۋىچىلىق قىلىش جەريانىدا، دەريا ياقىلىرىدىكى قىيا تاشلارغا ئويما رەسىملەرنى ئويۇپ قويۇشى تامامەن مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك موڭغۇلىيە ۋە ئالتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي ئاسىيا يايلاقلىرى ۋادىلىرىدا ئىسكىفلار (ساكلار) قالدۇرۇپ كەتكەن چوڭ تاش گەۋدىلىك ئويما-بۇغا تاشلار ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ دەۋرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى دىشلىۋۇنىڭ قارىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى V - IV ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىكەن⑤. بۇ خىل بۇغا تاشلارنى 1965-يىلى بىز چىڭگىل ناھىيىسى خۇاخەيزى تاغلىرىنى تەكشۈرگەندە تاپقانىدۇق. ئۇنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، يۈزى شەرققە قارىتىپ ئويۇلغان. ئارقىسىدىن ئېگىز تاش دۆۋىلىمە قەبرە چىققان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى، ساكلار ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىنى ئويۇشتا يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھەۋەس قىلغان. بولۇپمۇ بۇغىغا بەك ھەۋەس قىلغان بولۇپ، بۇغا ئۇلارنىڭ چوقۇنىدىغان توتېمىغا ئايلانغان. بەزى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى بولسا «萨迦 ، Sajia» «بۇغا» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ⑥. بۇ بىزنىڭ ئالتاينىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تاش ئويما رەسىملىرىنىڭ دەۋرى ۋە مىللەت تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. چەمىرشەك يېزىسى ئالتايبۇلەگەندىكى تاش ئويما رەسىملەر يېنىدىن كۆپلىگەن تاش تاۋۇتلۇق قەبرە ۋە تاش ھەيكەل قەبرىلەر

تېپىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى تاش تاۋۇتلۇق قەبرىلەرنى 1965-يىلى قازغانىدۇق. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرى ئالتايدىن تا شىمالىي خانتەڭرىنىڭ شىمالىي ئۇچىغىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغان قوشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر⑦. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى تاش ئويمارەسىملەرنى قوشلار ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى تاش ھەيكەللىك قەبرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈركلەر قالدۇرۇپ كەتكىنى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ھازىر بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى تاپقان تاش ئويما رەسىملەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 1000-يىللارغا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىرەك بولغان ساكلار دەۋرى ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى قوشلار دەۋرىگە سۈرۈش مۇمكىن.

دۆلىتى جىلغىسىدىن چىققان ئاشۇ پىل ئويما رەسىمنى ئالاھىدە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئالتاي ۋە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم تېپىلىشى بولۇپ، مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى مۇنداق ئىككى خىل ئېھتىماللىقتىن خالىي ئەمەس. ئۇنىڭ بىرى، نوقۇل ھالدا پىل مۇھتاج بولىدىغان ئىسسىق ھەم نەم ئېكولوگىيىلىك مۇھىت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېقىنقى بىر نەچچە مىڭ يىل ئىچىدىكى ئالتاي رايونىنىڭ جۇغراپىيىسى، يەر كۆرۈنۈشى ۋە ھاۋاكېلىماتى قاتارلىق شارائىتى تۈپەيلىدىن، ئۇ يېقىنقى زاماننىڭ رەسىمى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنتايىن قەدىمكى رەسىم بولۇپ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمىي ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ ئىزلىرى بولۇشى مۇمكىن. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1961-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالتاي ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئۇرالىسكا دەرياسى ۋادىسىدىكى گورنا — ئالتايىسكى شەھىرىدە كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت بىر تۇرالغۇ جاي تېپىلغان ھەم ئۇنىڭغا 20-15 مىڭ يىل بولغان دەپ قارالغان. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالتاي رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلاردىن 40-50 مىڭ يىل بولغان ئۆڭكۈر ئۆي تۇرالغۇلىرى تېپىلغان⑧. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى سەۋەبلىك ئالتاي رايونى بەزى چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەنبىيى»، «ئىنسانلار ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىغە كۆچكەن چاغدىكى ئىنتايىن قەدىمكى مەركەزلەرنىڭ بىرى» دەپ قارالغان⑨. مۇشۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، بىز تاپقان بۇ پىل تاش ئويما رەسىمى ئاشۇ يىراق قەدىمىي ئاھالىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟

ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىككىنچى ئېھتىماللىق شۇكى، ئېھتىمال ئۇ ئۇنچىلىك قەدىمىي بولماسلىقى مۇمكىن، يەنى بۇ پىل تاش ئويمىسىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى بىۋاسىتە ئەينى زاماندىكى رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بولماستىن، بەلكى باشقا ۋاستە ئارقىلىق تارقىلىپ، ۋاستىلىك ۋۇجۇتقا چىققان زىننەتلەنگەن ئۇقۇم بولۇشى مۇمكىن. بىزگە ئايانكى، تۇرپاندىن چىققان يىپەك ماللارنىڭ گۈل-نۇسخىلىرىدىكى پىل ۋە زۇننار ئۈنچىلەر نەقىشلىرى، پارس ئۇسلۇبىغا ئىگە ھالەتتە كۆزگە چېلىقىدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۇلار تاڭ پادىشاھى گاۋزۇڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ⑩. ئەلۋەتتە، بۇ نۇسخىلاردىكى پىل بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن بەدىئىي ئوبرازدۇر. يەنە مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يېقىندا خېشى كارىدورىغا جايلاشقان، شىمالىي گەنسۇ داخېيگۇ جىلغىسى تاش ئويما رەسىملىرىدىمۇ چوڭ پىل بايقالغان⑪. ئالتاي، تۇرپان ۋە خېشى كارىدورىنىڭ ئارىلىقى ئانچە بەك يىراق ئەمەس. تارىختا بۇ يەرلەر مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. بۇنى ئالتايدىن چىققان چوڭ پىل تاش ئويما رەسىملىرىنىڭ دەۋرىنى تەھلىل قىلىشىمىزدا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. يەنە بىر خىل تارقىلىش ۋاستىسىمۇ دىنىي مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھەممىگە ئايانكى، ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ ئەسلى ماكانى، ئاسىيا پىلىنىڭ ئەسلى جايى، پىل بۇددا دىنى ھېكايىلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن، زاڭزۇ

بۇددىزمى (لامادىنى) ۋە مەدەنىيىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا شىنجاڭغا، جۈملىدىن ئالتاي رايونىغا كىرگەن، 1965-يىلى بىز جىمۇنەي ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستى دېگەن يېرىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لاما دىنىغا ئائىت قورۇلۇش ئىزلىرىنى تاپقاندۇق ھەمدە قەدىمىي توبۇتچە نوملار ۋە لاي بۇت قاتارلىق بىناكارلىق بېزەك بۇيۇملىرىنى قازغاندۇق. چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ دولاتى دېگەن يېرىدىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىنمۇ قەدىمكى توبۇتچە يېزىلغان ياكى بۇ يېزىقتا ئويۇلغان زاڭزۇ بۇددىزمىنىڭ دىنىي ۋەسىقىلىرى تېپىلدى. بۇ قېتىم تاپقان، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى تاڭبالى ئۆڭكۈرىدىكى قىزغۇچ رەڭ-بوياق بىلەن يېزىلغان قەدىمىي توبۇت يېزىقىدىكى دىنىي ۋەسىقىلەر يېزىقى بىلەن چىڭگىل ناھىيىسى دولاتىدىكى يېزىق ئوخشاش. بۇلار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، تەخمىنەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، زاڭزۇ بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئالتاي رايونىغا تارقىلىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، چولڭ پىلگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق ھايۋان نۇسخىسى بۇددا دىنىنىڭ ئۆزگىچە ھېكايىلىرى بىلەن بىرلىكتە كىرىشى تامامەن مۇمكىن. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنداق دېيەلەيمىزكى، كېيىنكى دەۋردىكى ئېھتىماللىق يىراق قەدىمكى زاماندا پەيدا بولغان دېگەن ئېھتىماللىقتىن زورراق. بۇ خۇلاسە يەنە بۇندىن كېيىن تەتقىقاتتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلانغۇسى، ئەلۋەتتە.

## ئىزاھلار:

① شۆزۆڭجېڭ: «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى تارىخى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983-يىلى 1-سان.

② ھېرودوت: «تارىخ» 274-بەت.

③ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

④ (ۋېنگرىيە) ن. ئېردىي: «ھۇن-موڭغۇللار توغرىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمىتىدىن خۇلاسە»، ئىچكى موڭغۇل «مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە ئارخېئولوگىيە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» غا بېسىلغان، 6-سان. 1984-يىل 5-ئاي.

⑤ (سوۋېت ئىتتىپاقى) ل. ن. چىلېنوۋا: «موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيىدىكى بۇغا تاشلار توغرىسىدا»، ئىچكى موڭغۇل «مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە ئارخېئولوگىيە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» غا بېسىلغان، 1-سان، 1979-يىل 5-ئاي.

⑥ «ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدىكى ساكلار مەدەنىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985-يىل 1-سان.

⑦ (سوۋېت ئىتتىپاقى) س. ۋ. دېشلېۋ: «تاتارلار مەدەنىيىتى»، 1928-يىل.

⑧ ۋ. ي ئابايېۋ: «ئوسېت تىلى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» 1-توپلام 1949-يىل، 179-198-بەتلەر.

⑨ مۇشۇنىيڭ، ۋاڭمىڭجىي: «شىنجاڭ قەدىمىي مىللەتلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى»، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1985-يىل.

⑩⑪ (سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى غەربىي سىبىرىيە شۆبىسىنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ئەھۋالى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلاردىن تاللانما» غا كىرگۈزۈلگەن، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 9-10 — 11 — 12-بەتلەر.

⑫ كۇڭ شياڭشىڭ، ليۇيىمەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىس ئەينىكى»، 183-بەت.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

# «ئىپارخان» توغرىسىدا تەتقىقات

جاۋشىنخۇ

مۇشۇ ئەسىر كىرگەندىن بۇيان، بەزىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ بىر كىچىك خانىشىنى «ئىپارخان» نىڭ نامى بىلەن باغلاپ، خىلمۇ-خىل پەرەزلەرنى قىلىشتى ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئەسىرلىك ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنى تارىخىي چىنلىقتىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، تا ھېلىغىچە، بەزى چەت ئەل ئالىملىرى تېخى ئۇنى ھەددىن مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلەشمەكتە. ئەمەلىيەتتە، بىلىمىز ئالىملىرى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا «ئىپارخان» نىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولدى. نۆۋەتتە، دۆلەت ئىچىدە «ئىپارخان» توغرىسىدا يېزىلغان ئىككى پارچە مەخسۇس ئەسەر بولۇپ، مول تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە: ئۇنىڭ بىرى، يۈي شەنپۇ بىلەن دۇڭ نەيچياڭلار يازغان «ئىپارخان» دېگەن كىتاب بولۇپ، 1985-يىلى بېيجىڭدا كىتابلار كاتولوگى-ھۆججەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار خېلى تولۇق بولۇپ، مەزمۇنىمۇ مول. يەنە بىرى، فېڭ جىۋېن يازغان «قەشقەرگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ بەشىنچى تومىدىكى «‹ئىپارخان› توغرىسىدا تەكشۈرۈش» بولۇپ، 1982-يىلى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى تەرىپىدىن بېسىلىپ، تېخى رەسمىي نەشر قىلىنماي تۇرۇپلا، ياپونىيە، ئامېرىكىلارغا تارقىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېيجىڭدىكى شياۋجىشىن بىلەن شىنجاڭدىكى جى داچۈنلەر 1979-يىلدىن 1982-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر بىرسى ئىككى پارچىدىن ماقالە يېزىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭىدىن بايقالغان «ئىپارخان» غا ئائىت ماتېرىياللار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئىسپاتلاش ئېلىپ باردى. «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983-يىل 3-سانىغا چيۈپۈنىڭ «‹ئىپارخان› غا كىرىش سۆز» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى، بۇ، «ئىپارخان» نى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە قىلىشۋاتقانلىقىنى ۋە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 80-يىللاردا يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىق مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى «ساياھەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بار. شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقى ماتېرىياللاردا «ئىپارخان» نىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇمۇمىي كۆرۈنۈشى ئېچىپ بېرىلگەن بولۇپ، بىر قەدەر ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىت ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەل ئوبرازى سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

## 1. «ئىپارخان» دېگەن كىم؟

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدىن قېپقالغان كۆپلىگەن تارىخىي ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ ئىچكى سارىيىدىكى نازاكەتلىك كىچىك خانىشنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى رىۋايەتتىكى «ئىپارخان» نىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. بۇ قاراشنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بېيجىڭ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى مېڭ سېن ئەپەندى بولۇپ، ئۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھارپىسىدا يازغان «ئىپارخان توغرىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىسىدە، مۇھىم بىر ئىسپات ماتېرىيالىنى تىلغا ئالغان: بىر كىشى مىنگونىڭ 2_3-يىلى ئارىلىقىدا شەرقىي قەبرىستانلىقتا يېرىپ، قەبرىلەرنى پاتىھە قىپتۇ؛ ئۇ بىر جايغا بارغاندا، قەبرىستانلىقتا قارايدىغان كىشى: بۇ، «ئىپارخان» نىڭ قەبرىسى، ئۈستىگە يېزىلغان بېغىشلىمىدىن قارىغاندىمۇ نازاكەتلىك كىچىك خانىشنىڭ قەبرىسى شۇ، دەپتۇ». بۇنى مۇھىم بىر ئىسپات ماتېرىيالى دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، «مىنگونىڭ 2.، 3-يىلى» ۋاقتىدا شەرقىي قەبرىستانلىقتا قاراۋاتقان كىشى يەنىلا ئەسلىدىكى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى باقىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نازاكەتلىك كىچىك خانىشنى «ئىپارخان» دېيىشى ئۇردا ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋىي كۆز قاراش بولۇپ، بىر قەدەر ئىشەنچلىك. جاۋئېرنىڭ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىنىڭ 214-جىلدى — «كىچىك خانىشلار تەرجىمىھالى» دا: «يەنە نازاكەتلىك كىچىك خانىش بار، ئۇ خوجىلار جەمەتىدىن بولۇپ، مۇسۇلمان تەيجى خوجا ئېلىنىڭ قىزى. ئۇ ئوردىغا دەسلەپ كىرگەندە، ئېسىلزادە خېنىم دەپ نام بېرىلدى. كېيىن ئاستا-ئاستا كىچىك خانىشلىققا كۆتۈرۈلدى. . . . . . » دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى ئابزاس خاتىرىدىن كۆرۈۋىشكە بولىدۇكى، نازاكەتلىك كىچىك خانىش راستىنلا ئۆتكەن ئادەم. چىڭ گاۋزۇڭنىڭ كىچىك خانىشلىرى ئىچىدە، «نازاكەتلىك كىچىك خانىش» ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان «مۇسۇلمان» يەنى ئۇيغۇرلاردىن چىققان كىچىك خانىشدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېقىنقى يىللاردا، جى داچۇن، شياۋجىشىن قاتارلىق كىشىلەرمۇ كۆپلىگەن ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق، رىۋايەتتىكى «ئىپارخان» نىڭ پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ كىچىك خانىشى — نازاكەتلىك كىچىك خانىشنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. رىۋايەتتىكى «ئىپارخان» توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلار كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇپ چىقىلغان.

## 2. «ئىپارخان» نىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

مېڭ سېن «ئىپارخان توغرىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىسىدە، ئىپارخاننى چوڭ-كىچىك خوجىلار («چوڭ خوجا» بۇرھانىدىن؛ «كىچىك خوجا» خوجا جاھان) نىڭ سىڭلىسى ياكى قىزى، دەپ قارايدۇ. ھازىر قارىغاندا، بۇ بۇرۇنقى كۆز قاراشقا زورمۇ-زور قوشۇلۇپ قالغان بىر خىل كۆز قاراشتىن ئىبارەت. شياۋجىشىن «‹ئىپارخان› توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يېڭىدىن بايقىلىشى» دېگەن ماقالىسىدە تۇنجى قېتىم قەدىمكى خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇھىم بايقاش بار: «ئىپارخان» نىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئاپپاق خوجا جەمەتىگە مەنسۇپ بولماي، بەلكى ئېلى ئەمەت خوجا جەمەتىگە مەنسۇپتۇر. بۇ خوجىلارنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى بىر بولسىمۇ، ئەمما بوۋىسىنىڭ دادىسى باشقا. 1760-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى) ھۇسەيىن خوجا، تۇردى، مامۇت ۋە ئېلى ئەمەت خوجا جەمەتىدىكى

باشقا كىشىلەر چيەنلۇڭ خاننىڭ پەرمانى بىلەن «ئىپارخان»غا ھەمراھ بولۇپ پايتەختكە كىرگەندە، ھەر بىرى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ مەرتىۋە، ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەمدە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى غەربىي چاڭئەن كوچىسىغا ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئۆي سېلىپ بېرىلگەن. جۇڭگو بىرىنچى تارىخىي ئارخىپخانىسىدىن بايقالغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «ئىپارخان» ياردەمچى ئەركانىبەگ تۇردىنىڭ ئۆز سىڭلىسى، ئەمما تۇردى بىلەن «ئىپارخان» ئاكا-سىڭىل ئىككىسىنىڭ ئاتىسى «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» بىلەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن شەجەرىدىن قارىغاندا، «خوجا» ئېلى بولۇشى كېرەك. ھۆسەين بولسا ئىپارخاننىڭ 5-تاغىسى، پەرسا بولسا 6-تاغىسى، تۇردى بولسا چوڭ ئاكىسى. بەزى ئالىملار «ئىپارخان» نىڭ ئاتىسى پەرسا دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئىچكى سارىيىدىكى ئارخىپلارغا ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ پەرساغا بەرگەن مەرتىۋە ئۇنۋانى تۆۋەنرەك، ئىنئام قىلىنغان مال-مۈلۈكلەر ھەمدە «ئىپارخان» ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىنغان مىراس قاتارلىقلارنىڭ سانى باشقىلارنىڭكىدىن ئاز بولۇپ، «پادىشاھنىڭ قېيىنئاتىسى» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنمىغاندەك تۇرىدۇ. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار. كىچىك خانىشلار تەرجىمىھالى» ۋە ھازىر نەشىر قىلىنغان «26 تارىخ لۇغىتى» دە: «ئىپارخان» «تەيجى خوجا ئېلىنىڭ قىزى» دەپ ئېنىق يېزىلغان. «تەيجى» ئۇنۋان نامى، 和札赉 دېگەن بۇ ئۈچ خەت ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى «خوجا» بىلەن «ئىپارخان» نىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «ئېلى» دىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «خوجا ئېلى» ( 和札阿里 ) دېگەن ئىسىم خەنزۇچە مەنبەلەردە تېز ئوقۇلۇشى بويىچە « 和札赉 » (خوجالەي) دەپ يېزىلغان. شياۋجىشىن قاتارلىقلار « 赉 » (لەي) دېگەن خەتنى خاتاھالدا « 麦 » (مەي) دەپ قارىغان، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ مەنىسىنى ئەسلا يەشكىلى بولمايدۇ. بۇنداق مىساللار «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» قاتارلىق تارىخ كىتابلاردا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « 霍卓集占 » (خوجا جاھان) دېگەن ئىسىمنى تېز ئوقۇلۇشى بويىچە « 霍集占 » (خوجىجان) دەپ تەرجىمە قىلغانلىقى بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى. مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھەقىقىي ئىسىم-فامىلىسى ھەمىشە خاتا يېزىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «ئىپارخان» نىڭ ئاتىسىنىڭ ئېلى ئەمەت تارماق جەمەتىدىن بولغان خوجا ئېلى ( 和札赉 ) ئىكەنلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرسەك بولىدۇ. خوجا ئېلى قوراملىغا يەتكەن چاغلىرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، چوڭ، كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇ يوق ئىدى. ئەينى يىللاردا بۇيرۇت (قىرغىز) نىڭ قوراللىق كۈچى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەردىكى توپىلاڭچى قوشۇننى ئىسكەنجىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ «مۇسۇلمان» لارنى قوراللاندۇرغانلار «ئىپارخان» نىڭ 5-تاغىسى ھۆسەين خوجا بىلەن بىر تۇغقان ئاكىسى تۇردىلار ئىدى.

## 3. «ئىپارخان» چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا

«ئىپارخان» نىڭ ئائىلە تەۋەلىرى چوڭ-كىچىك خوجىلاردىن ئىبارەت توپىلاڭچى گۇرۇھقا تەۋە بولمايلا قالماستىن، بەلكى دەل ئەكسىچە، تېخى ئەسكەر چىقىرىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىشىغا ماسلاشقانىدى. ئەينى چاغدا، «ئىپارخان» نىڭ ئاكىسى تۇردى 5-تاغىسى ھۆسەين خوجا بىلەن بىرلىكتە، بۇيرۇتنىڭ قوراللىق كۈچى بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەرنى

بىسىپ ياتقان توپىلاڭچى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلغانىدى. توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، «ئىپارخان» ـتاغىسى ھۇسەيىن خوجا ۋە ئاكىسى تۇردىلار بىلەن بىرلىكتە پادىشاھ «چيەنلوڭ تەرىپىدىن بېيجىڭدا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشقا چاقىرتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئوردىغا كىرىپ ئىبسىلزادە خېنىم بولدى ھەمدە كىچىك خانىشلار بىسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىككى باسقۇچنى ئاتلاپ، ئالاھىدە كۆتۈلۈشكە مۇيەسسەر بولدى. يېڭىدىن ئوردىغا كىرگەن «خوجا نەسلى ئىبسىلزادە خېنىم» ئۈنچە-مەرۋايىت، يىپەك، يۇڭ، 200 سەر كۈمۈش ۋە 15 سەر ئالتۇن بىلەن تارتۇقلاندى. بىر ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى تۇردى بىر يۈرۈش 22 ئېغىزلىق يېڭى تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولدى، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى دۆڭخۇا ئەتراپىدا. ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىنغان سوۋغاتلار ئىچىدە گەزمال، ئات جابدۇقلىرى، ئۆي جاھازلىرى ۋە نەق پۇللار بار. ئۇنىڭ يىللىق مائاشى 100 سەر كۈمۈشتىن 240 سەر كۈمۈشكە كۆپەيدى، ئەمما شۇ مەزگىلدە، ھۇسەيىن خوجا ۋە پايتەختتىكى باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ مائاشى ئەسلىدىكى سەۋىيىدە تۇرىۋەردى. دېمەك، شۇ مەزگىلدە تۇردى خۇشاللىق بىلەن ياخشى بىر جۆرىگە ئېرىشتى، يەنى بالەن ئىسىملىك بىر مانجۇ خېنىمنى ئەمرىگە ئالدى.

پادىشاھ ئوردىسىدا، خوجا نەسلى ئىبسىلزادە خېنىم ئوردىدىكى بارلىق كىچىك خانىشلار بىلەن باراۋەر دەرىجىدە، دۆلەتمەن باياشات تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولدى. يۇقىرىدىن قوغۇن قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئوردىدىكى خوتۇن-قىزلارغا تەقسىم قىلغان چاغدا، ئىبسىلزادە خېنىم ھەمىشە نورمىدىن سىرت بىر ئۈلۈشكە ئىگە بولاتتى. ئۇ ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ قاتتىق چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاشپەزى نۇرمەھەممەتنى ئېلىپ كېلىپ مەخسۇس ئۆزى ئۈچۈن مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغۇزغانىدى، مەسىلەن: پولو، پىياز قورۇما قاتارلىقلار. روشەنكى، ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىمىنى كىيىپ يۈرگەن، چۈنكى ئۇ كىچىك خانىش بولغان دەسلەپكى بەش يىلدا، 1765-يىلى (چيەنلوڭنىڭ 30-يىلى) كىچىك خانىشلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىغان چاغدا تېخىچە ئۇنىڭ مانجۇچە ئوردا كىيىمى بولمىغاچقا، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭغا يارىشىملىق قىلىپ مانجۇچە يەكتەك (نىمچە) تىكىپ بېرىلگەن. 1762-يىلى (چيەنلوڭنىڭ 27-يىلى) «خوجا نەسلى ئىبسىلزادە خېنىم» «كىچىك خانىش» لىققا كۆتۈرۈلدى ھەمدە ئىسمى «نازاكەت» كە ئۆزگەرتىلىپ، «نازاكەتلىك كىچىك خانىش» دەپ ئاتالدى، بۇ، پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان. چيەنلوڭنىڭ 26-يىلى جياۋزى ئېيىدىكى پادىشاھ يارلىقىدا: «خان ئانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، خوجا نەسلى ئىبسىلزادە خېنىمنىڭ ئىپادىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كىچىك خانىش دەپ نام بېرىلدى» دېيىلگەن. ئىچكى مەھكىمە ھۆججەتلىرىدە، ئۇ «نازاكەتلىك كىچىك خانىش» لىق سالاھىيىتى بىلەن ئىككىنچى ئۈچ يىلدا كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇ يىلى ئۇنىڭ ئاكىسى تۇردى تەيجىلىكتىن «ياردەمچى ئەركان بېگى» لىككە كۆتۈرۈلدى. 33-يىلى (1768-يىلى) 6-ئايدىكى پادىشاھ يارلىقىدا: «خان ئانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، نازاكەتلىك خېنىمغا كىچىك خانىش دەپ نام بېرىلدى» دېيىلگەن. 1766-يىلى (چيەنلوڭنىڭ 31-يىلى) چيەنلوڭنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى خانىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۇنىڭ ئورنىغا قايتا خانىش بەلگىلىمىدى، شۇندىن باشلاپ، نازاكەتلىك كىچىك خانىش ئوردىدىكى ئالىي دەرىجىلىك كىچىك خانىشلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق كىچىك خانىشىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئورنى تەخمىنەن ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى ئورۇنغا توغرا كېلەتتى.

نازاكەتلىك كىچىك خانىش كۆپ قېتىم پادىشاھ بىلەن بىللە سىرتقا تەكشۈرۈشكە چىققان. 1765-يىلى (چيەنلوڭنىڭ 30-يىلى)، ئۇ پادىشاھ چيەنلوڭ بىلەن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىنى تەكشۈرۈشكە چىقىپ، سۇجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق ئاۋات شەھەرلەرگە بارغان. جەنۇبنى تەكشۈرگىلى بارغاندا، ئۇ ياۋا

ئۆدەك، بۆغا گۆشى، توخۇ ۋە قوي گۆشى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەنگەن؛ 1771-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 36-يىلى)، ئۇ يەنە پادىشاھ چيەنلۇڭ بىلەن بىللە سەندۇڭدىكى تەيشەن تېغىغا چىققان ھەم چۈيفۇدىكى كۇڭزى مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ يەنە پادىشاھ چيەنلۇڭ بىلەن بىللە شەرقىي شىمالدىكى شېڭجىڭ (بۈگۈنكى شېنياڭ) شەھىرى ۋە رېخې رايونىنى تەكشۈرگەن، ئۇ يەنە مۇلەن ئوۋچىلىق مەيدانىنىڭ دائىمىلىق مېھمىنى ئىدى. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن نۇرغۇن پائالىيەتلەردىن، نازاكەتلىك كىچىك خانىش بىلەن چيەنلۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا، فرانسىيىنىڭ خرىستىئان جەمئىيىتىدىن رەسسام گۇيسېپپې كاستىگلىئونې نازاكەتلىك كىچىك خانىش ئۈچۈن سىزغان ھەربىي كىيىم كېيدۈرۈلگەن رەسىم تارقالدى. ئۇ چاغدا نازاكەتلىك كىچىك خانىشنىڭ ئوردىغا كىرگىنىگە 20 نەچچە يىل بولغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى ئوخشىتىپ سىزغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شۇ چاغدا 50 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، ھۆسن-جامالىنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىزىلغان رەسىمنى ئانالىز-تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، گۇيسېپپې كاستىگلىئونې بۇ نازاكەتلىك كىچىك خانىشنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بەزىلەر بۇ رەسىمنىڭ راست-يالغانلىقىغا قارىتا باشقىچە پىكىردە بولدى. نازاكەتلىك خانىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە يىللىق تۇرمۇشىدىن مەلۇمات بېرىدىغان بەزى ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن ئىگىلىشىمىزچە، 1786-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى) ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سۇجۇدىكى خان جەمەتى يىپەك فابرىكىسىدىن قىممىتى 400 سەر كۈمۈشكە يېقىن يىپەك توقۇلمىلارنى ئالدۇرغان. 1787-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 52-يىلى) ئۇ پادىشاھ ئوردىسىدىكى دورىگەردىن «تىنچلاندۇرۇش كومىلچى» ئالغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شۇ چاغدا ئۇ سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان، لېكىن ئۇ پادىشاھ ئوردىسىدىكى زىيارەت ۋە باشقا چوڭ پائالىيەتلەرگە يۈرۈشتە يەنىلا نورمال ھالدا ئىزچىل قاتناشقاندەك قىلىدۇ. 1788-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 53-يىلى)، ئۈچىنچى قەمەر ئېيىدا، ئۇ پادىشاھ ئىنئام قىلغان قايماق تورتقا ئېرىشكەن. شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنى، پادىشاھ ئۇنىڭغا يەنە ئەتىيازدا پىشقان 10 تال تاتلىق ئاپېلسىن تەقدىم قىلغان. بەش كۈندىن كېيىن (4-ئاينىڭ 19-كۈنى)، ئۇ بەختكە قارشى بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلاشتى. ئۇنىڭ زادى قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى تېخى ھازىرغىچە ئېنىقلانغىنى يوق.

نازاكەتلىك كىچىك خانىش ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مال-مۈلكى ئانىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە، ھەرەم ئاغىسىغا، ئوردا كېنىزەكلىرىگە، مۇسۇلمان ئەسكەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، بۇ ئەھۋال مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. تېرە-يۇڭ ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتلاردىن تارتىپ ئۈستەل چىرىقى ۋە ۋازىلارغىچە ھەممىسى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەر خىل كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئارخىپتا كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان يەنە بىر ئۈچۈر بار: نازاكەتلىك كىچىك خانىشنىڭ يەنە بىر كىچىك قىزىمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بىر قىسمى شۇ قىزىنىڭ—ھازىرغىچە ئىسمى نامەلۇم بولغان مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان.

## 4. «ئىپارخان» قايسى جايغا دەپنە قىلىنغان

«ئىپارخان» 1788-يىلى 54 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان. بۇ نۇقتا بۈگۈنكى چىك

سۇلالىسى تارىخشۇناسلىقى ساھەسىدە ئاللىقاچان جەزملەشتۈرۈلدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چىيەنلۇڭ خان قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، ئالاھىدە يارلىق چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ بۇ ئامراق كىچىك خانىشىنى بېيجىڭنىڭ شەرقىگە 125 كىلومېتىر كېلىدىغان خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زۈنخۇا ناھىيىسىدىكى چىڭ خاندانلىقىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىغا داغدۇغىلىق ھالدا دەپنە قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن شۇنجى، كاڭشى، چىيەنلۇڭ ھەم ئۇلارنىڭ خانىش ۋە كىچىك خانىشلىرى شۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندى. ئۇ كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان خان جەمەتى قەبرىستانلىقى بولۇپ، يەر شارائىتى ئۆزگىچە ياخشى. ھازىر ئۇ يەر جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ئىنتىلىدىغان مەنزىرىلىك ساياھەت ئورنىغا ئايلاندى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ خىل كۆز قاراش مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەسلىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن قەبرىستانلىق قاراۋۇلىنىڭ پەرق ئېتىشى بىلەن ئىسپاتلانغان. 1979-يىلى، تېخىمۇ ئىشەنچلىك، توغرا ئىسپات كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى-ئارخېئولوگلار مۇشۇ يىلى چىڭ خاندانلىقىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىدىكى نازاكەتلىك كىچىك خانىشىنىڭ قەبرىسىنى قازدى. بۇ قەبرە كەلكۈن ئىچىدە قالغان بولۇپ، كۆپ قىسىم دەپنە بۇيۇملىرى ئوغرىلانغان، پەقەت جەسەت ساندۇقىلا قالغان، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە خەت ئويۇلغان. قەبرە ئىچىدە چىيەنلۇڭ خاننىڭ بۇ ئامراق كىچىك خانىشىدىن قېپقالغان بىر قىسىم نەرسىلەرمۇ بار ئىكەن. ئارخېئولوگلار ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش، پەرق ئېتىش ئارقىلىق، ئاخىرى بۇ جەسەتنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىن كەلگەن بىر «ئاز سانلىق مىللەت ئايالىنىڭ جەسىتى» ئىكەنلىكىنى بېكىتتى ھەمدە ئۇنىڭ 50 نەچچە ياشتا ۋاپات بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ھازىر ھۆكۈمەت نازاكەتلىك كىچىك خانىشىنىڭ قەبرىسىنى قايتا قوپۇرۇپ چىقتى ۋە ئاممىنىڭ زىيارەت قىلىشىغا ئېچىۋەتتى.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىل 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەتجان مۆمىن

تەرجىمە تەھرىرى: ئەزىز يۈسۈپ

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس ئەھۋالى

نۇرۇللا مۆمىن

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار ۋە چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋەيران بولغان ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر قاتار باج تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ چىققان ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى باج تۈرلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان نوپۇس بېجىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا بىر قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. شۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، 1760-يىللىرى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس سانى تەخمىنەن 43 مىڭ 500 (13 مىڭ 800 تۈتۈن)① بولغان. لېكىن بۇ سانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتكۈل خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىغا ۋەكىللىك قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقى ھەققىدە نۆۋەتتە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى تەخمىنەن 44 مىڭ 603 (13 مىڭ 642 تۈتۈن)② دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1760-يىللاردىكى خوتەن رايونىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇماتنى ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ③ دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر بولسا، 1760-يىللاردىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى 100 مىڭ ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن④ دەيدۇ.

مېنىڭچە، يۇقىرىقى ئۈچ خىل قاراش ئىچىدە ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا خوتەن رايونىدا ئاھالىلەر خېلىلا زىچ ئولتۇراقلاشقان، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى زىچراق بولغان. بۇ ھەقتە چوقان ۋەلىخانوۋمۇ ئالاھىدە توختىلىپ: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خوتەن رايونىدا تەخمىنەن 1 مىڭ 400 ئەسكەر، 13 مىڭ تۈتۈن بولغان»⑤ دەپ يازغان. ئەگەر بىز چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ بۇ خاتىرىسىگە ئاساسەن، ھەر بىر تۈتۈندە تەخمىنەن بەشتىن نوپۇس بار دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا جەمئىي 90 مىڭ نوپۇس بولغان بولىدۇ. بۇ سانىنىڭ ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان سانلىق مەلۇمات بىلەن بولغان پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس. شۇڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىنى تەخمىنەن 100 مىڭ دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

XVIII ئەسىرنىڭ 70-ۋە 80-يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاشلا خوتەن رايونىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەرنى شىمالىي شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە سالغان. بۇنىڭ بىلەن خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىپ، XVIII ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالغان.

# قەدىمىي شەھەر — ئۈچتۇرپاننىڭ يىپەك يولدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا

ئەركىن توختى

ئۈچتۇرپان — دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان 36 شەھەر دۆلىتى ئىچىدىكى بىر بەگلىك ئىدى. ئۇ تارىخىي مەنبەلەردە «ئونسۇ بەگلىكى» (温宿国) «ئونسۇ ئايمىقى» (温肃州)، «ئورۇنسۇ» (温宿)، «ئۈچ شەھىرى» (乌什، 窝什، 乌即، 鄂什، 乌赤) دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ۋېنسۇ» (温宿) — ھازىرقى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتىلىشى ياكى نامى بولماستىن، بەلكى ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى — «ئونسۇ» نىڭ خەنزۇچە «ۋېنسۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ كونىشەھەر «ئونسۇ بەگلىكىنىڭ» تەۋەلىكىدە بولغان. X ئەسىردىن باشلاپ «ئونسۇ بەگلىكى» — «ئۈچ» دەپ ئاتالغان. شۇندىن ئېتىبارەن «ئونسۇ» دېگەن نام ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان. 1765-يىلىدىكى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەرلىك ئاھالىلەرنى شىمالىي شىنجاڭغا كۆچۈرۈۋېتىپ ئورنىغا تۇرپان رايونىدىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كەلگەن. شۇندىن باشلاپ بۇ شەھەرنىڭ نامى ئۈچتۇرپان دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئۈچتۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا يولىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئەينى زاماندا ئەنە شۇ ئوتتۇرا يولدىن ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىنىڭ قاتناپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئۈچتۇرپان گۈزەل، ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان ۋە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانىدى. مىلادى 260-يىلىدىن 640-يىلىغىچە تىبەتلەر چاقىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلىۋالغان بولغاچقا، بىرىنچى يولدىن ماڭىدىغان سودا كارۋانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىدىن ئەنسىرەپ، كۆپىنچە دۇنخۇاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا يول بىلەن ئۈچتۇرپانغا كېلىپ، ئاندىن بەدەل ئارتىنى ئۆتۈپ پەرغانە ۋە بۈيۈك رىمغا بارغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «چاڭئەندىن ئۈچتۇرپانغا بېرىش ئۈچۈن 8350 چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، يىپەك يولى كارۋانلىرى چاڭئەندىن ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئاقسۇدىن يەنە 110 چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئاندىن ئاچتاغقا باراتتى. ئاچتاغدىن ئۈچتۇرپانغا 48 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۈچتۇرپاندىن ياشئاخماغىچە تەخمىنەن 54 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەردىن 102 چاقىرىم يول يۈرۈپ بەدەل ئېغىزى ئارقىلىق غەربىي شىمالغا قاراپ 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرگەندە سۈيئاب تۈزلەڭلىكىگە بارغىلى بولاتتى. سۈيئاب - سۈي، تالاس دەۋرلىرىدە شەرق ۋە غەربنىڭ قورۇقلۇقتىكى قاتناش تۈگۈنى بولغان، شۇڭا تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۈچتۇرپاننىڭمۇ

يىپەك يولىدا تۇتقان ئورنى، بولۇپمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان ئورنى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايدا ئايماق تەسىس قىلىنغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك رەختلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈچتۇرپان ئارقىلىق سۆيئابقا ئاپىرىلاتتى ۋە بۇ يەردىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا توشۇلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل سودىگەرلىرىمۇ زور مىقداردىكى مەھسۇلات ۋە ماددىي ئەشيالارنى مۇشۇ يول ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇ خىل سودىنىڭ يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان رايونلار ئۈچۈنمۇ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولغانىدى، يەنى مۇشۇ دەۋردە غەربىي يۇرتتا يىپەكچىلىك تەرەققىي قىلىپ مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە يىپەك رەختلەر بارلىققا كەلگەن، يىپەك سودىسىنىڭ كۆلىمىمۇ كېڭەيگەن. غەرب ئەللىرىگە چىقىرىلىدىغان رەختلەرنىڭ سانى، سۈپىتى ياخشىلىنىپ بارغان. بەش دەۋر مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن دۇردۇن، كىمخاب، شايى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇرغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئىشلەنگەن زەرباپ، تاۋارلار تولىمۇ ئەتىۋار ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇلما جەھەتتە ئېرىشكەن مۇھىم ئىجادىي تۆھپىسى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدھىيە ئوقۇشىغا ئېرىشكەن ھەم بۇ تاۋارلار خەلقئارا بازارلاردا سېتىلىپ ئېلىمىز يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى يىپەك يولى بىلەنمۇ باغلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان ئۈچتۇرپانمۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر ئۆزى ياشاپ تۇرغان جايلارنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللاردىن ناھايىتى كەم خەۋەردار ئىدى. يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇ يول ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى ھەم كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. كىشىلەر ئۆزى ياشىغان جايلارنىڭ سىرتىدىكى جايلارنى، جۈملىدىن دۇنيانى توغرا تونۇش ئۈچۈن زور تۈرتكە بولدى. يىپەك يولىنىڭ قاتناش لىنىيىسى پارچە-پارچە شەكىللەنگەن، سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار بۇ يولنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاچقۇچىلىرى ئىدى. بايلىققا ئىنتىلگۈچى سودىگەرلەر خۇددى كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرگەنگە ئوخشاش، بىرىنىڭ ماللىرىنى بىرى ئالماشتۇرۇپ يىپەك سودىسىنى مىسلىسىز جانلاندۇرۇۋەتكەن. يىپەك يولى ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتە بولىدىغان ئالاقە ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇرۇپ قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەت، دىن، سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇڭا يىپەك يولى — ئىنسانىيەت تارىخىدا مەدھىيىلەشكە ئەرزىگۈدەك ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان كۆپلىگەن شەھەرلەر ئىقتىسادى گۈللەنگەن، ئاۋات، گۈزەل شەھەرلەر ئىدى. شۇڭا ئۈچتۇرپانمۇ يىپەك يولى ئۈستىدىكى ئەشۇنداق شەھەرلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مال ئالماشتۇرۇشتا ۋە ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى بېيىتىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور رول ئوينىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈچتۇرپاننىڭ «ئۇنسۇ بەگلىكى»، «ئۇرۇنسۇ بەگلىكى» دەپ ئاتىلىشىمۇ، بۇ شەھەرنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ قانۇن فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

تىكمن مەڭگۈ تېشى» دا «دادام شەرققە ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىپ تۈركلەردىن 700 كىشىنى توپلاپتۇ. 700 كىشى بولغاندىن كېيىن، دۆلەتتىن، خاقاندىن ئايرىلغان مىللەتنى، تابغاچقا قول ۋە دېدەك بولغان مىللەتنى، تۈرك تۆرىسىنى (قانۇننى) يوقاتقان مىللەتنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆرە-قانۇن-تۈزۈملىرى بويىچە يېڭىدىن تەشكىللەپتۇ» ⑩ دېيىلگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە كۆك تۈركلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈمى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرۇلغان.

I جىنايىي جازا

كۆك تۈركلەرنىڭ قانۇنىدا تۆۋەندىكىدەك جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى.

1، . ئاسىيلىق جىنايىتى: بۇلار كۆك تۈركلەردىن يۈز ئۆرىگەنلەر ياكى خاقانلارنى تاشلاپ ماڭغانلارنى كۆرسىتەتتى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇلار «يېڭىلغانلار» ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم ئىدى.

2، ھەربىي مەجبۇرىيەتكە قارشى چىقىش جىنايىتى: بۇنىڭدا ئەسكەر بولۇشقا، ئۇرۇشقا قارشى چىقسا ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا تۇيۇقسىز ئايرىلسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى ھەم مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىناتتى.

3، ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى.

4، باسقۇنچىلىق جىنايىتى: ئەرلىك خوتۇنلارنىڭ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى سادىر قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى.

5، ئوغرىلىق جىنايىتى: ئات كۆك تۈركلەرنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، ئاتنىڭ مۇھىملىقى ئۇلارنىڭ قانۇنىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا ئات ئوغرىلىغانلارغا ئاسىيلىق قىلغانلار ياكى قاتىللىق قىلغانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ، ئوخشاشلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى⑪.

كۆك تۈركلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈمىدە جەرىمانە قويۇش ۋە تۆلەم تۆلىتىش جىنايەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل بولغان.

1، باسقۇنچىلىق قىلىپ قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى بۇلغىغانلارغا زور مىقداردا تۆلەم تۆلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قىز ئۇنىڭغا مەجبۇرىي نىكاھ قىلدۇرۇلىدۇ.

2، جېدەل چىقىرىپ، باشقىلارنى زەخىملەندۈرگەنلەر قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ زەخىملەنگۈچىگە تۆلەم تۆلەيدۇ، بىراۋنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگۈچى زەخىملەنگۈچىگە قىزىنى بېرىدۇ. قىزى يوقلار خوتۇنىنىڭ مال-مۈلكىنى بېرىدۇ. باشقىلارنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويغۇچىلار ئۇنىڭ بەدىلىگە ئات تۆلەيدۇ.

3، ئوغرىلىق قىلغانلاردىن ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئون ھەسسىسى تۆلىتىلىدۇ⑫.

كۆك تۈركلەر جازا ئۆلچىگەندە قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى، قىلمىشىنىڭ ئىپادىسى ۋە زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ باياننامىسىغا ئاساسەن، ئەھۋالغا قاراپ جازالىغان. كۆك تۈركلەرنىڭ جىنايى جازاسى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىرىنچى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قوغداش، ئىككىنچى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىنى قوغداش، ئۈچىنچى، پاترىئارخاللىققا ئەھمىيەت بېرىش، تۆتىنچى، جىنايەتكە تۆلەم تۆلىتىش. . . قاتارلىقلار.

2. ئىگىدارلىق

كۆك تۈرك خانلىقى قانۇنىدا ئىگىدارلىق قىلىش خۇسۇسىي ئىگىدارلىق قىلىش ۋە قەبىلە ئىگىدارلىق قىلىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەن. شەخسلەر قوي ۋە ئاتقا ئىگىدارلىق قىلغان. قەبىلە يايلاققا ئىگىدارلىق قىلغان. دۆلەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ

ئىچكى قىسمىدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كەسكىنلەشكەن. باي-كەمبەغەللىك پەرقى يۇقىرى بولغان.

نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا كەلسەك، كۆك تۈرك خانلىقى شەكىللەنگەن مەزگىللەردە ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلگەن ھەمدە ئەرلەرنىڭ نەسەبى بويىچە ئائىلە باشلىقى بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان. نىكاھ تۈزۈمى قانۇن ئارقىلىق مۇستەھكەملەنگەن. كۆك تۈركلەرنىڭ قانۇنى بويىچە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى نىكاھ قانۇنى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى-كېيىنكى ئەركىنلىكى زور دەرىجىدە پەرقلەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەركىنلىكىمۇ چەكلىك بولغان. گەرچە «قىزنى ئالماقچى بولغان يىگىت ئەلچى ئەۋەتىپ، قىزنىڭ تويلۇقىنى توختاملىشىشى، ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى توختامغا خىلاپلىق قىلماسلىقى» لازىم⑬ دېيىلسىمۇ، ئەمما، تۈركلەرنىڭ قانۇنىدا سوقۇشۇپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى زەخمىلەندۈرگۈچى ئۆز قىزىنى زەخمىلەنگۈچىگە بېرىشى، قىزى يوقلار قىز تويلۇقى نەرخىدە بايلىق بېرىشى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدا نىكاھلانمىغان قىزلارنىڭمۇ ئەرلەر نەسەبىدىكى ئائىلە باشلىقىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا نىكاھلانغۇچى ئەر تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئائىلە باشلىقى بىلەن «قىزنىڭ تويلۇق نەرخىنى توختام قىلىشى ۋە توختامدىكى مال-مۈلۈكنى بېرىشى»⑭ زۆرۈر بولغان. تويلۇق نەرخى مال-مۈلۈك بىلەن ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، كۆك تۈركلەردىكى نىكاھ ماھىيەتتە ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى قوي، ئاتقا سېتىۋېلىشى ئىدى. «شۇ ئاساستا ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىغان، ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسى يەڭگىسىنى ئالىدىغان؛ ئىنىسى ئۆلسە ئاكىسى ئىنىسىنىڭ ئايالىنى ئالىدىغان»⑮ بىر خىل نىكاھ تۈزۈمى شەكىللەنگەن. بۇ، ئائىلە باشلىقى ئىلكىدىكى خوتۇننىڭ يالغۇز بىرلا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىغاندا، كۆك تۈركلەردە نىكاھ، توختام بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تەرەققىياتى، ئەرلەر نەسەبى بويىچە ئائىلە باشلىقى بولىدىغان چوڭ ئائىلە كۆك تۈرك جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي كىلىنكىسىنى تەشكىل قىلغان.

3. ئەدلىيە:

كۆك تۈركلەرنىڭ ئەدلىيە تەشكىلاتى-قاغان رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتلىك سوت مەھكىمىسى، يارغانلار (سوتچىلار) ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ياۋروپا ھۇن ئىمپېراتورى ئاتتىلا ئۆزىگە سۇيىقەست پىلانلىغان گۇناھكارنى بىر ھەيئەتنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا سوراققا تارتقان. كۆك تۈرك باش ۋەزىرى تونيۇقۇق قاپاغان قاغان تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلغان يىللاردا (مىلادى 705–715-يىللاردا) دۆلەتلىك (ئالىي) سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەنىدى⑯. ئەدلىيە ئىشلىرىدا دۆلەت (ئالىي) سوت مەھكىمىسى چوڭ جىنايى ئەنزىلەرنى، ھەر قايسى سوت مەھكىمىلىرى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئادىل ھۆكۈم چىقىراتتى.

4. چوڭ قاغانغا ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى-كۆك تۈرك خانلىقىدا ئاشىنا ئۇرۇقى (بۆرە ئۇرۇقى دېگەن مەنىدە) ھۆكۈمران ئۇرۇق ئىدى. ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ باشقا ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چوڭ قاغانغا ۋارىسلىق قىلىشمۇ قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدا ئاشىنا ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققانلار چوڭ قاغانلىق ئورنىغا ئولتۇراتتى. باشقا ھەر قانداق ئۇرۇق، قەبىلىدىن كېلىپ چىققانلار بۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايتتى.

چوڭ قاغانلىق ئورنىغا دەسلەپتە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلاتتى. خانلىق قۇرغان تۇمەن (بۇمىن) ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتاپ ئانچە ئۇزۇنغا بارماي ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قارا خاقان تەختكە چىقىپ ئۆزىنى ئىشبارا خاقان دەپ ئاتايدۇ. لېكىن ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىنىڭ بۇ بەلگىلىمىسى ئۈچىنچى ئەۋلادقا بارغاندا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېتەلمىدى. قارا خاقان تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن

كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققانلاردىن موقان ۋە تاپار خاقانلار ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئىدى.

يۇقىرىدا مەن ئۆزەمنىڭ چەكلىك دائىرە ئىچىدە كۆرۈپ بىلەلىگەن ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ ئاددىي تەتقىقات نەتىجەمنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. بۇ پەقەت كۆك تۈرك قانۇن-تۈزۈملىرى توغرىسىدا ئاددىي بىر ساۋات. شۇڭا، مەن قانۇن تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ ساھەدە تېخىمۇ ئىتراپلىق ئىزدىنىپ، تېخىمۇ مول تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىزاھلار:


① ب. ئا. بۇدرىخ: «تابغاچ تىلى توغرىسىدا»، «خارۋارد داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى ئاسىيا تەتقىقاتى» 1936-يىل، 171-بەت، ئېنگلىزچە.

④② ئىبراھىم كافىس ئوغلى: «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 21-22-بەتلەر، 1980-يىل، ئىستانبۇل، تۈركچە.

③ سادىرى مەسئۇدى ئارسال: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق» 287-بەت، 1947-يىل، ئىستانبۇل، تۈركچە.

⑤ «ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» 12-قىسىم، I توم، 222-236-بەتلەر، 1988-يىل، ئىستانبۇل، تۈركچە.

⑬⑫⑥ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات چاغلىرى» 1-قىسىم، 24-25-36-37-8-بەتلەر، 1971-يىل، ئىستانبۇل، تۈركچە.

⑧ سى ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 402-بەت، ئۇيغۇرچە.

⑨ ل. لىگېتى: «ئاتىلا ۋە ھۇنلار» 40-بەت، 1940-يىل، بۇداپېشت، «ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» 12-قىسىم، I تومدا نەقىل ئېلىنغان.

⑭ «جۇنامە» 50-جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى»، خەنزۇچە.

⑮ سەي خۇڭشىن: «تۈرك قانۇنى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» تە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1965-يىل، 1-سان، خەنزۇچە.

⑯ «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» 99-جىلد، خەنزۇچە.


(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ قانۇن فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# قاراقىتانلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد

ۋېي لياڭتاۋ

## 1. شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى

شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە شەھەر سانىنىڭ كۆپىيىشى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ئاساسەن سودا-سانائەت رايونىنىڭ كېڭىيىشىدە ئىپادىلەنگەن. شەھەر تۇرمۇشىنىڭ مەركىزى شەھرىستاندىن راباتقا يۆتكەلگەن. مەسىلەن، سەمەرقەنتنىڭ شەھەر تۇرمۇشىنىڭ مەركىزى يېڭىدىن گۈللەنگەن تاشقى شەھەردە ئىدى. بۇ يەردە سودا-سانائەتلا بولۇپ قالماستىن، يەنە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ، دىنىي زاتلار ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىمۇ بار ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا سەمەرقەنتنىڭ يەر كۆلىمى 630 گېكتاردىن كەم ئەمەس ئىدى، شەھەر ئەتراپىدىكى بەزى يېزا، كەنتلەر، ھەتتا 7-6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەنتلەرمۇ سەمەرقەنتنىڭ گۈزەل رايونى ھېسابلىناتتى. بۇخارادا ئەسلىدىكى شەھەرنىڭ سىرتىدا نورغۇنلىغان سودا-سانائەتكە كېرەكلىك ئۆيلەر سېلىنغان. شەھەر كۆلىمى كېڭىيىپ 600 گېكتارغا يەتكەن، بۇ 19-ئەسىردىكى بۇخارا شەھىرىنىڭ كۆلىمىگە تەڭ كېلىدۇ. تېرمىز شەھىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولغان. شەھەر كۆلىمى سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن بىر نەچچە ھەسسە كېڭەيگەن. قۇتالان رايونىنىڭ مەركىزى خۇربۇلمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان. شەھەر مەركىزىلا 70 گېكتار كېلەتتى. بۇ يەردە نورغۇنلىغان قول-ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكىنى ۋە سودا دۇكانلىرى بولغان. ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى خانئۆي خارابىسى چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولۇپ، قىرغاقنىڭ تۆۋىنى شورلۇق، ئەينى يىللاردا بۇ يەر ئوت-سۇيى ئەلۋەك يايلاق بولۇشى كېرەك. خارابىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى يۈز مېتىر ئەتراپىدا. خان ئوردىسى خارابىلىقىنىڭ شىمالىدىراق بولۇپ، شەكلى تۆت بۇرجەك، شىمال تەرىپىدىكى ئوردا تېمى ھېلىمۇ بار. خان ئوردىسىنىڭ سىرتىدا نورغۇن ساپال ئوچاقلىرى، تۆمۈر داشقىلى قاتارلىق نەرسىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ، تېخى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمىي شەھەر بولسا كېرەك.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى تاشقى كۆرۈنۈشتىن مۇنداق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى قىسمى «شەھرىستان»، بۇ قىسىمدا ئۆيلەر زىچ، ئاساسىي جەھەتتىن دەل-دەرەخ

يوق. قارىماققا ھەممە يەر توپىرەڭ كۆرۈنىدۇ. ئىككىنچى قىسمى «راباد» (تاشقى شەھەر) بىنالارنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر كەڭ، دەل-دەرەخلەرمۇ كۆپ، قارىماققا ياپ-يېشىل كۆرۈنىدۇ. ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك بىلەن، ئاز بىر قىسمى خىش بىلەن سېلىنغان. كۆپ قىسمى بىر قەۋەتلىك، ئادەتتە بەش ئالتە ئېغىز ئۆي بىلەن بىر ھويلا بولۇپ، كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. باي سودىگەر ۋە پومېشچىكلارنىڭ ئۆيلىرى ئېگىز، ئەتراپى دەرەخلىك، ھويلىلىرى كەڭرى كېلىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەر ئالدى بىلەن دۆلەت ياكى رايوننىڭ سىياسىي مەركىزى ۋە دىنىي مەركىزى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رولى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا زور دەرىجىدە كۈچەيگەن. شۇڭا شەھەر-ئاھالىسى ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپ-خان جەمەتى، ئەمەلدارلار، يۇقىرى تەبىقىدىكى دىنىي زاتلار، باي سودىگەرلەر ۋە بىۋاستە ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلار—قوشۇن، ئەسكەر، قۇل، ئادەتتىكى دىنىي زاتلاردىن باشقا، بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول-ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سانى زور مىقداردا ئاشقان. ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ سانىمۇ كۆپەيگەن. بۇ مەزگىلدە شەھەر ئەمگەكچى خەلقى ئارىسىدا مەدىكارلار پەيدا بولغان. بۇ 12-ئەسىردىكى شائىر سانايىنىڭ شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالاردا ئەكس ئېتىدۇ:

بىر مىمار ئىككى ئايدا تاپقان پۇلنى،
بىر نىمكار بىر يىلدىمۇ تاپالماس.
بىر نىمكارنىڭ بىر ۋاخ يېگىنىنى،
بىر مەدىكار ئۆمرى بويى تاپالماس.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇستا نىمكار ۋە مەدىكارلارنىڭ كىرىمىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. بۇ مەدىكارلار يېزىلاردىن ئېقىپ كىرگەنلەر بولۇشى كېرەك. بۇ تاۋار-پۇل ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. لېكىن بۇ خىل تاۋار-پۇل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى خارازىم ۋە موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن توختاپ قېلىپ، يەنە بۇرۇنقى تەبىئىي ئىگىلىك ھالىتىگە قايتقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل «ھەييار» دەيدىغان ئىشسىز بىكارچىلار بولۇپ، ئۇلار سىنىپىي تەۋەلىكىنى يوقاتقان، ئۇلار ھەر خىل توپىلاڭ ۋە بۇلاڭچىلىقلارنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى.

بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراقىتانلارنىڭ بىۋاستە تەۋەلىكىدىكى زېمىنلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرىپ بولغان. ياللۇغ تاشىن بۇ رايوننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىدىن بۇرۇنقى، كېيىنكى بويسۇندۇرغۇچىلارغا ئوخشاش بۇلاڭچىلىق قىلماي، تېرىلغۇ يەرلەرنى بۇزۇپ ئوتلاققا ئۆزگەرتمەي، شەھەرلەرنى تۈزلىۋەتمەي، ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالدى. ئوخشمايدىغان يېرى، بۇ يەرلەردە يەرلەرنى خان جەمەتى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرلەرگە بۆلۈپ بېرىدىغان ئىكتا تۈزۈمىنى يولغا قويمىغان. قاراقىتانلار دەۋرىدە بۇ رايوننىڭ فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنى يېزىق ماتېرىياللىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن تولۇق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

قاراقىتانلار سۇلالىسىگە بىۋاستە قاراشلىق زېمىندىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق زېمىنلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تېز بولغان. قاراچوق، ئىكى ئوردا، ئاشناس قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەۋردە پەيدا بولغان ياكى شەكىللەنگەن. سىر دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى، تالاس دەريا ۋادىسى، چۇ دەريا ۋادىسى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا بىر يۈرۈش

چوڭ-كىچىك شەھەر-بازارلار گۈللەنگەن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 12-ئەسىردە ئىلى دەريا ۋادىسىدىلا 56 چوڭ-كىچىك شەھەر-بازار بولغان②. ئەسلىدىكى بالاساغۇن، ئۆزكەنت، تالاس، ئوترارلارنىڭ كۆلىمى بىردىنلا كېڭەيگەن.

بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودا يوللىرىغا ياكى چارۋىچىلىق رايونى بىلەن دېھقانچىلىق رايونى تۇتىشىدىغان جايلارغا جايلاشقان. بۇ. بۇ شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ چېگرا ئىچىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە خەلقئارالىق سودا تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ شەھەرلەردە مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ قول-ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شەھەرلەرنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەركەز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ئاساسلىقى راباتلارنىڭ كېڭىيىشىگە تايانغان. بۇ راباتلارغا قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە سودا بازارلىرى جايلاشقان. تۆۋەندە بىز بىر نەچچە بىر قەدەر چوڭ شەھەرنى تونۇشتۇرىمىز.

بالاساغۇننىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە قوز ئۇلۇس ۋە قۇز ئوردا دېگەن ئىككى خىل نامى بار، كېيىنكى نامى «قىتانلار تارىخى» 30-جىلد «قاراقىتانلارنىڭ ئۆتمۈشى» دە ئۇچرايدۇ. بالاساغۇننىڭ ئورنى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ پىكرى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرلىككە كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى بوران قەدىمكى شەھەر خارابىسى ③ بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توقماق ئەتراپىدا. يازما ماتېرىياللاردا، بۇ ناھايىتى چوڭ شەھەر دېيىلگەن. جۇۋەينى يازغان «تارىخىي جاھان كۇشاي» دا 1210-يىلى بالاساغۇن ئاھالىسى شەھەر دەرۋازىسىنى چىڭ تاقاپ، قاراقىتان قوشۇنىنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى، قاراقىتانلار قوشۇنى شەھەرگە 16 كۈن ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىدا شەھەر دەرۋازىسىنى پىلغا بۇزدۇردى. ئۇلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى. 47 مىڭ ئۆلىما-مۆتىۋەرنى قەتلى قىلدى④. بۇ سان كۆپتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مەيلى قانداق بولسۇن، بۇ بالاساغۇننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇسىنىڭ كۆپلىكىنى، شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ياللۇغ چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىمۇ بالاساغۇن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «قوس ئوردا» دەپ ئاتىغان شەھەرنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ھېچ نىمە دېمىگەن. پەقەت «شەھەر ئەتراپىدا ئون نەچچە شەھەر-بازار بار» دەپ يازغان. بۇ بالاساغۇننىڭ ئەتراپىدا شەھەر-بازارلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن كۆپ نەرسە خاتىرىلەنمىگەن. چاڭ دې غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندا، بالاساغۇن ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ، ⑤ ۋەيران بولۇپ كەتكەن.

ئۆزكەنت، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇھىم شەھىرى، پەرغانە بەگلىكىنىڭ مەركىزى. قاراقىتانلار بۇ رايوننى قوشۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزكەنت، گۇرخان بايلىقلىرىنى ساقلايدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. 1210-يىلى نايمان كۈچلۈك بۇ شەھەرنى ئىگىلەپ گۇرخاننىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ كەتكەن⑥. بۇ شەھەرنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىر مەزگىل غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ ئۈچ مۇستەقىل شەھرىستاندىن تەركىب تاپقان⑦.

ئوترار، بۇ قاراقىتانلار سۇلالىسىگە بىۋاسىتە تەۋە زېمىندىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى. 12-ئەسىردە يەر كۆلىمى 200 گېكتارغا يېتىپ، 9-ئەسىردىكىدىن بىر نەچچە ھەسسە كېڭەيگەن. ئوترار شەھىرىنىڭ خارابىسى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىدىكى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدا، تۈركىستان شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 100 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. ئوترار شەھىرىنىڭ مەركىزى ئىچكى قەلئە ۋە شەھرىستان بولۇپ، بۇ كونا شەھەر. يېڭىدىن تەرەققىي قىلغان قىسمى راباتتا، بۇ ئىككى قىسىم سېپىل

ۋە خەندەك بىلەن ئورالغان. كونا شەھەردە ئۆيلەر بىر قەدەر زىچ، يېڭى شەھەرنىڭ ئۆيلىرى تارقاق، كۆلچەك، باغ ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بار. ئۆيلەر ئاساسلىقى توپا تام بىلەن سېلىنغان، ئۆلى خىش. ئۆي ئىچىگە تۆت چاسا خىشلار ياتقۇزۇلغان. شەھەر ئىچىدە ئۆستەڭلەر بولۇپ، ئاھالىلەرنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاممىۋى مۇنچىمۇ بولغان.

تالاس، بەتتىسۇ رايونىنىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، قاراقىتانلارنىڭ سەركەردىسى تاپانغۇ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن بۇ يەردە تۇرغان. بۇ ئۇنىڭ مۇھىم ھەربىي بازا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تالاستا نۇرغۇن كاتتا ئىمارەتلەر بولغان. كىشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى تالاسنىڭ يەر ئۈستى سۇ يولى ۋە مۇنچىسى. تالاسنىڭ «شەھرىستان» قىسمىدىن 11ـ12ـئەسىردىكى يەر ئۈستى سۇ يولى قېزىۋېلىندى. سۇ يولىغا ساپال تۇربا ياتقۇزۇلغان، ئاستىغا تاش ۋە ياغاچ ياتقۇزۇلغان، ئۈستىگە تاش تاختاي يېپىلغان. ساپال تۇربىنىڭ دىئامېترى 20cm، ئۇزۇنلۇقى 25cm دىن 80cm غىچە كېلىدۇ. ساپال تۇربىنىڭ بىرئۇچى كاناي شەكلىدە بولۇپ، يەنە بىر تۇربىنىڭ ئىنچىكە ئۇچى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، سۇ تالاس دەرياسىدىن شەھەر ئەتراپىغا باشلاپ كېلىنگەن. بۇ يەرگە كۆل كولانغان، بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەھەر ئىچىدىكى سۇ يوللىرىدىن ئېگىز بولغاچقا، بېسىم كۈچىيىپ، سۇنىڭ تەمىنلىشىنى ئاپتوماتلاشتۇرغان. تالاستا بايقالغان مونچا تۆت چاسا بولۇپ، كۆلىمى 152 كۋادرات مېتر كېلىدۇ، خىش بىلەن سېلىنغان، يەرگە خىش ياتقۇزۇلغان. ئۆيلەر ئىشلىتىلىشى بويىچە كىيىم سېلىش ئۆيى، ۋاننا ۋە كۆلچەكلەر بار يۇيۇنۇش ئۆيى ۋە پار ئۆيى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. ئۆيلەرنىڭ ئاستىدا ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەر ئاستى يوللىرى بولغان.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە بەزى شەھەرلەر تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ئالمىلىق شەھىرى (ھازىرقى شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا)، ئىلى شەھىرى (ھازىرقى غۇلجا شەھىرى)، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بولات شەھىرى (ھازىرقى بورتالا چېگرىسى ئىچىدە)، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سايرام شەھىرى (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چىمكەنتنىڭ شەرقىدە) قاتارلىقلار⑧. بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەرق بىلەن غەربنىڭ چوڭ قاتناش يولى ئۈستىگە جايلاشقان. بەزىسى چېگرا سودىسىنىڭ مەركىزى، بەزىسى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى باشقا جايلارغا ساتقان. مەسىلەن، سايرامدىن رەخت، قورال-ياراق كۆپ چىقاتتى.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ھاۋاسى تىپىك قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ھاۋا بولۇپ، ھۆل-يېغىن ناھايىتى ئاز. سۇ ئىنشائاتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ قان تومۇرى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، «راھىب چىۋچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى لى جىچاڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىدە بۇ نۇقتىنى ناھايىتى تېزلا چۈشەنگەن. ئۇ، «بۇ رايوننىڭ تۇپراق، ھاۋا كېلىماتى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. تۈزلەڭلىك كۆپرەك ئىكەن، يېزا ئىگىلىك ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەيدىكەن، مېۋىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوخشايدىكەن. ياز-كۈز ۋاقىتلىرىدا ھۆل-يېغىن ئاز بولىدىكەن. زىرائەتلىرى دەريا سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىكەن» دەيدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار قاراقىتانلار دەۋرىدە بۇ رايوننىڭ سۇ ئىنشائات، سۇغۇرۇش سىستېمىسىنىڭ خېلىلا مۇكەممەللەشكەن ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئوترار بوستانلىقىدا مۇكەممەل سۇ ئىنشائاتى، سۇغۇرۇش تورى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىھەلەر بولغان. چولۇڭ ئۆستەڭ ھازىرقى ئارىس دەرياسى بويىدىكى كازىرتۇ بازىرىدىن باشلانغان. پۇشاقچى رايونىدا ئىككى تارماق ئۆستەڭگە ئايرىلغان. شەرقىي شىمال تارماق ئۆستىڭى ئوترارغا، غەربىي جەنۇب تارماق ئۆستىڭى كۆيلۈك-تەپىگە باراتتى. كۆيلۈك-تەپىدە سۇ بۆلۈش ئەسلىھەسى بولۇپ، ئارتىلاڭ-تەپىي، جارپاق-تەپىگە ۋە مەردەن-قۇيۇق قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىگە بارىدىغان ئۆستەڭلەر بار ئىدى. ئوترارغا بارىدىغان ئۆستەڭ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئېتىزلىقلارنىمۇ سۇغۇراتتى⑨.

بالاساغۇن رايونىنىڭ سۇغۇرۇش سىستېمىسىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. يۇقىرىدا لى جىچاڭ دەپ ئۆتكەندەك بۇ يەرلەرمۇ «دەريا سۈيىدە سۇغۇرۇلاتتى». چاڭ دې «بۇ جاينىڭ يېرىنىڭ تۇز، خەلقى ئۇم، ئېرىق-ئۆستەڭلىرى زىچ» ئىكەنلىكىنى كۆرگەن («غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» لىيۇيۇ يازغان). ئىلى رايونىمۇ يېزا ئىگىلىكىدە سۇغۇرۇشقا تايىناتتى. لى جىچاڭ: «دېھقانلار ئۆستەڭ ئارقىلىق يەرلىرىنى سۇغىراتتى» («راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»). لېكىن خېلى كۆپ تاغلىق ۋە سۈيى كەم، سۇ يامغۇر سۈيى بىلەن تېرىلىدىغان يەرلەرمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىمى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بىر قىسىم تۈرك قەبىلىلىرى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. بۇنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتىن بايقالغان كۆپ مىقداردىكى يۇرت-مەھەللىلەر ئىسپاتلايدۇ⑩. قاراقىتانلار سۇلالىسى بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەسلى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىتانلارنىڭ بىر قىسمى ياكى كۆپ قىسمى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان. يىن جىپىڭپىڭنىڭ مۇنۇ شېئىرى ئىسپات بولالايدۇ: «قىتانلار بولدى سەرسان جىن (金) نىڭ دەستىدىن، جەڭلەر قىلىپ غەرب تامان نەيىراقلاردا. ئون يىل ئۆتتى ھېچ تۇراقلىق ئۇقەت يوق، ئاخىر كېلىپ دېھقان بولدى بۇ دياردا». «پەھلىۋانلار جەڭ قىلىپ تاپقىنى دېھقانچىلىق، تاجىك لىنيا ئاتالدى پادىشاھ. ئۆتتى نى-نى پادىشاھلار دەۋران سۈرۈپ، ئەمدى بۈگۈن ھەممە بولدى خاكىزا»⑪.

بەزى ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، قاراقىتانلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردا يېزا ئىگىلىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپلا قالماستىن، يەنە كېۋەز تېرىش، پىلە بېقىش، باغۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. چاڭ دې بولات رايونىدا شال-بۇغداي تېرىيدىغانلىقىنى، ئالمىلىقتا ھەر خىل مېۋە-چېۋە (قوغۇن، ئۈزۈم، ئانارنىڭ بەك ئوخشايدىغانلىقىنى) بارلىقىنى كۆرگەن. ياللۇغ چۇساي ئالمىلىقتا شەھەر ئەتراپىنىڭ ھەممىسىنىڭ باغ ئىكەنلىكىنى، «ئۈزۈم، نەشپۈتنىڭ كۆپلىكىنى، ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىيدىغانلىقىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئوخشايدىغانلىقى» نى كۆرگەن («غەربكە ساياھەت»). «راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە: بۇ يەردىن ئېسىل پاختا چىقىدۇ، «ئۇنىڭ تالاسى جۇڭگونىڭ تال پىپەكلىرىگە ئوخشايدۇ، ئاپپاق، يۇمشاق كېلىدۇ. يىپ قىلىشقىمۇ تانا قىلىشقىمۇ، ماتا توقۇشقىمۇ بولىدۇ» دېيىلگەن. غەربلىك ساياھەتچى رۇبرۇكمۇ يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى تىلغا ئالغان. ئۇ تالاس ۋادىسىدىن ئۆتكەندە ئۈزۈم تاللىرىنى ئۇچراتقان⑫. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ۋاقىتتا بۇ رايونلاردا تۆمۈر ساپان ۋە كەتمەن بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، ئورغاق بىلەن يىغىۋالغان.

يېزا ئىگىلىكى ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق پىشىشقىلاپ ئىشلەش ۋە ئۈزۈمدىن مەي ئىشلەش كەسپى تەرەققىي قىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق

يارغۇنچاق، ئۇلاغ كۆچى تۈگمىنى، سۇ تۈگمىنى بايقالغان. خەنزۇچە ساياھەت خاتىرىلىرىدىمۇ ئېمىل ئەتراپلىرىدا تولۇق (ئۇن تارتىدىغان) بولۇپ، سۇ بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان (لىيۇيۇ يازغان «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»). يەتتىسۇ رايونىدىن مەي ياسايدىغان دۇكان ئۆيلىرى بايقالغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈەن خاۋۋېن يازغان «موسەللەس بېجى» نىڭ كىرىش قىسمىدا قاراقىتانلارنىڭ مۇسەللەس ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى سۆزلەنگەن. ئېھتىمال بۇنداق مەي ئىشلەش ئۇسۇلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يوقالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا «دۇنيادا بۇنداق ئۈزۈن تارىخقا ئىگە هاراق يوق، بۇ هاراق غەربىي دىياردىن چىقىدۇ، ئۇنى ئۈزۈم شەربىتى قىلىپ، ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ كۆمۈپ قويىدىكەن»، «ئۇ ئۈزۈنغا قالماي هاراق بولىدىكەن. بۇ هاراق قانچە ئۈزۈن تۇرسا شۇنچە ياخشى بولۇپ كېتىدىكەن، بۇ هاراقتىن بىرمىڭ قاداقچە ساقلايدىغانلار بولىدىكەن» دېيىلگەن. بۇ تارىخىي ماتېرىيال بىزگە قاراقىتانلارنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، هاراق ياساش كۆلىمىنىڭ ناهايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 3. چارۋىچىلىق

يەتتىسۇ رايونى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. قاراقىتانلار سۇلالىسى هۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن چارۋىچىلىق يەنىلا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. تۈركىي تىللىق ھەر قايسى قەبىلىلەر ۋە قىتانلارنىڭ ئارىسىدا يەنىلا ناهايىتى كۆپ ئادەم چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى ياكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كەتكەن. ئاللىقاچان مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ بولغان بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا چارۋىچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ھەتتا يېرىم تېرىقچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىبنى هاشىر: «ئۇلار (قىتانلار) ئۆزىنىڭ بۇ رايونغا هۆكۈمرانلىق قىلىشتىن بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە چېدىردا ياشايدۇ. ئۇلار، ئۆزكەنت، بالاساغۇن، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشايدۇ»[13] دېگەن. «جىن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇچ ئۇيغۇر سودىگەر: بالاساغۇندا «قىتانلار ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئاتلارغا مىنىپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ»[14] دېگەن. ئىبنى هاشىر بۇ رايوندىكى چارۋىچى خەلق «يازدا بۇلار رايونغا (هازىرقى ژۇلگا دەرياسى ئەتراپى) بېرىپ مال باقىدۇ، قىشتا بالاساغۇندا قىشلايدۇ»[15] دەيدۇ.

تەبىئىي شارائىتىدىن قارىغاندا، قاراقىتانلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق زېمىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ياخشى ئوتلاقلاردىن بولۇپ، هاۋاسى سالقىن، ئوت-چۆپى مول، بولۇپمۇ بىدە كۆپ چىقىدۇ. بىدە، يۇرچاق تېپىدىكى ئەڭ ياخشى يەم-خەشەك بولۇپ، ئاقسىل ماددىسى ئىنتايىن كۆپ، ئىبنى هاشىر مۇنداق بىر هېكايىنى خاتىرىلىگەن. ئەينى يىللاردا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىنى قوغدايدىغان قىتانلار بىر سودا كارۋىنىنى تۇتۇپ قېلىپ، ئۇلارغا گۈزەل ھەم چوڭ بىر يايلاق كۆرسىتىپ بەرسە قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. سودا كارۋىنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك «بالاساغۇن»[16] دەيدۇ. راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە ئىلى ۋادىسى 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ «ناهايىتى گۈزەل، هاۋاسى ئەتىيازغا ئوخشايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەر قەدىمدىن ياخشى ئات چىقىدىغانلىقى بىلەن داڭلىق. هازىرمۇ ئىلى ئېتى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. بۇ يەرنىڭ كالا، قويى بولۇپمۇ چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى هازىرمۇ داڭلىق.

ئوۋچىلىقمۇ بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مەلۇم رول ئوينىغان. ئاساسلىق ئوۋ مەھسۇلاتلىرى، ياۋا ئېشەك، بۆكەن، بۇغا، ياۋا تۆگە، بۆرە، تۈلكە، تىيىن ۋە ئېيىق قاتارلىقلار

ئىدى. ئىلى دەرياسى، تالاس دەرياسى، چۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا بېلىقچىلىقمۇ مەلۇم ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلىگەن.

## 4. قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە كىمىياگەرلىك

قاراقىتانلار سۇلالىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق زېمىندىكى قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش بۇ ھەقتە مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ھەقتە يازما تارىخىي ماتېرىياللار ۋە كۆپلىگەن خاتىرىلەر بار.

ئەينەكچىلىك كەسپى، بۇ دەۋردە ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش مەيلى ياساش تېخنىكىسى جەھەتتىن ياكى مەھسۇلات تۈرى جەھەتتىن بولسۇن خېلى تەرەققىي تاپقان. قاراقىتانلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق زېمىنلاردىن كۆپ مىقداردىكى ئەينەك ئىسۋابلار تېپىلدى. تالاس، ئوتراردا ئەينەك ياساش زاۋۇتىنىڭ خارابىسى بار. ئەينەك ئەسۋابلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئېگىز قەدەھ ۋە غاز بويۇن پوتۇلكىلار بولۇپ، سۈزۈك ئەينەكتىن ياسالغان. بەزىدە يېشىل، كۆك، سېرىق، سۆس قىزىل رەڭدىن زىننەت بېرىلگەن. دېرىزە ئەينەكلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. چاڭ دې بولاتتا «شەھەرنىڭ ئۆيلىرى زىچ، كېسەك ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى ئەينەكلىك» ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئەينەك» ھازىرقى ئەينەكنىڭ ئۆزى، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قاراقىتانلار دەۋرىدە ئەينەك مەھسۇلاتلىرى بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

كۇلالچىلىق، بۇ دەۋردىكى كۇلالچىلىقنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىكى ساپال سىرى (ئېمال) نىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقىدۇر. سىرلىق ساپال بۇيۇملار ئاساسلىقى قاچا، پىيالە، پەتنۇس، تەخسە، قارا چىراق قاتارلىقلار. سىرلىق بۇيۇملار كۆرۈنەرلىك رەڭ، ھەر خىل رەسىملەرنى ئالاھىدىلىك قىلغان. رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاق، سۆس قىزىل ياكى قارا رەڭدە بولۇپ، ئۈستىگە بىر قەۋەت سۈزۈك سىر بېرىلگەن. رەسىملەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى گېئومېترىك شەكىل، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى ۋە سەنئەتلەشتۈرۈلگەن ئەرەبچە خەتتىن ئىبارەت.

سىرلىق ساپال بۇيۇملارمۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان، ئۇلار ئاساسەن ئاشلىق ياكى سۇيۇقلۇق (سۇ ياكى ھاراق) قاچىلاشقا ئىشلىتىلگەن. شۇڭا بۇلارنىڭ ھەجىمى ناھايىتى چوڭ. بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى قۇم ئارىلاش ساپالدىن ياسالغان، ھەممە يەردە ئۇچرايدۇ. بۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ چاغدا بۇ رايوندىكى ساپال ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۆپ مىقداردا قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقارغان. مەسىلەن، خىش، كاھىش، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىقلار.

مېتالچىلىق كەسپى. قورال-ياراق ئىشلەپچىقىرىش مېتالچىلىق كەسپىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھەممە يەردىن ئوقيا، نەيزە، قىلىچ قاتارلىقلار تېپىلدى. ئالېكساندرىيە قەدىمىي شەھىرىدىن بىر دانە مۈزىلىك، گال ئىزمىلىك تۆمۈر قالپاق تېپىلغان. تۆمۈر قالپاق ئىچىگە يۇڭ توقۇلما ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قېزىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە ئائىلە سايمانلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. ئورغاق، ئوتىغۇچ، پالتا، پىچاق، مىخ، قولۇپ، ئاچقۇچ، زەنجىر قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناھايىتى نەپىس بىر مىس چىراقپاي مىس قۇتا قاتارلىقلار تېپىلغان. زىننەت بۇيۇملىرى بەش خىل مېتالچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ دەۋردە خېلى تەرەققىي قىلغان. ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن بىلەيزۈك، ھالقا قاتارلىقلار بار بولۇپ، مىس ياكى ئەينەكتىن ياسالغان.

ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى ئازراق.

كان قېزىش، تاۋلاش كەسپى. تالاس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى تاغلاردىن كۈمۈش كانلىرىنى قېزىپ، يېقىن ئەتراپتىكى شىرجى، كۇر قاتارلىق شەھەر بازارلارغا توشۇپ كېلىپ تاۋلىغان. ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى بۇ شەھەرلەرنىڭ خارابىسىدىن كۈمۈش تاۋلاشتىن قېپقالغان داشقاللارنى بايقىدى. شىرجى ئەتراپىدىكى مول كۈمۈش كانلىرى قاراقىتانلار سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن ئالاتاۋ تاغلىرىدىن ئالتۇن ۋە مىس قېزىلغان⑰.

## 5. سودا ۋە پۇل ئوبوروتى

قاراقىتانلار دەۋرىدە شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشىدە، يېزا ئىگىلىك، قول سانائەتنىڭ تەرەققىياتى مۇھىم ئامىل بولغاندىن سىرت، سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئامىل ئىدى. ئىچكى سودا، شەھەر بىلەن يېزا، دېھقانچىلىق رايونى بىلەن چارۋىچىلىق رايونى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئاساسەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشىدۇر. دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئاساسەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشىدۇر. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىك رايونلىرى بىلەن بەزىبىر چېگرا جايلاردا بىر قىسىم يېڭى شەھەرلەر بارلىققا كەلدى، ئەسلىدە بار شەھەرلەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. شەھەردىكى سودا ئىشلىرىدا سودا دۇكانلىرىنى ئېچىشتىن سىرت، يەنە قول سانائەت كارخانىلىرى ئىشىكى ئالدىغا ئېچىۋالغان دۇكان ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەر مال ساتىدىغان يايمىلار بار. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى يېزىلاردا قەرەللىك بازار بار بولۇپ، بۇ بازار يېقىن ئەتراپتىكى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئالماشتۇرۇلىدىغان جاي ئىدى.

قاراقىتانلار دەۋرىدە، خەلقئارا سودا ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. سودا يولىدىكى تالاس، ئوترار قاتارلىق شەھەرلەردە سودىگەرلەر مەخسۇس تاماق يەيدىغان، ياتىدىغان شۇنداقلا ماللىرىنى ساتىدىغان جاي بار ئىدى. خەلقئارا سودىنىڭ ماللىرى ئاساسلىقى ئالىي ئىستېمال بۇيۇملىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك بىلەن ئالىي ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيانىڭ ئۈنچە مەرۋايىت، قاشتېشى سايمانلىرى بىلەن خۇشپۇراق ماتېرىياللىرى قاتارلىقلاردۇر. ئۇندىن باشقا، قۇللارمۇ ئاپىرىپ سېتىش ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار ئاساسلىقى شىمالدىكى كۆچمەن قەبىلىلەردىن كەلگەن بولۇپ، كۆپىنچە ماۋرائۇننەھر ۋە غەربىي ئاسىيا رايونىغا توشۇلاتتى.

ۋېي توفۇ ئەپەندى بىلەن فېڭ جياشىڭ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، قاراقىتان خانلىقى بالاساغۇننى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پۇلىنى تارقاتقان. «قەدىمكى پۇللار» نىڭ 15-جىلدىدا «كاڭگويارمىقى» دېگەن بىر خىل پۇل خاتىرىلەنگەن، ئۇلار: «قاراقىتانلار خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى ياسىغان» دەپ قارىغان. چۈنكى ياللۇغ تاشىنىڭ «كاڭگو» دېگەن يىل نامى بولغان. باشقا خانلىقلار بۇ يىلنامىنى ئىشلىتىپ باقمىغان. «پۇللار» نىڭ 12-جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، سۇڭ سۇلالىسىدىكى بىر ئالىم 1149-يىلى «گەنتيەن تەڭگىسى» دېگەن بىر خىل پۇلنى تىلغا ئالغان. ياللۇغ تاشىنىڭ خانىشى تابۇيەنىڭ نامى «گەن تيەن خانىشى» دەپ ئاتالغان. بۇ نامنىمۇ باشقا خانلىقلار ئىشلىتىپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلار، «بۇ پۇلنى قاراقىتانلارنىڭ قويدۇرغانلىقى ئېنىق، گەن تيەن خانىشى دەل

5 يىل ئىلگىرى تەختكە چىققان» دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە قاراقىتان خانلىقىنىڭ يارمىقىنى خەنزۇلارنىڭ پۇلىغا ئوخشىتىپ ياسىغان، شۇ جايدا بېسىش قېلىپىدا قۇيۇلغان تۆشۈكسىز پۇلغا ئوخشىمايدۇ دەپ قارىغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوتتۇرا ئەسىردە قۇيۇلغان قەدىمىي يارماقلارنىڭ ئىچىدە قاراقىتان خانلىقى ياسىغان پۇللارنىڭ بىرىمۇ ئۇچرىمىغان، بۇ ھەقىقەتەن بىر سىر. ھازىر بار پۇل ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، قاراقىتان خانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلىنىڭ قاراقىتان خانلىقىغا بىۋاسىتە قارايدىغان يەرلەردە خەجلىنىشىگە، ھەمدە ئۆزىگە بىۋاسىتە قارايدىغان يەرلەردىكى پۇل زاۋۇتلىرىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلىنى قۇيۇشىغا رۇخسەت قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1979-يىلى نەشر قىلىنغان «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» دا: XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قاراخانىيلار سۇلالىسى «ئوترار» (پۇلنى بارابو دەپ ئاتىغان) دا كۆمۈش يالىتىلغان، دىئامېتىر 42 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 6~8 گىرام كېلىدىغان بىر خىل مىس دەرھەم چېقىرىلغانلىقى ئېيتىلغان. جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ پۇللارنى ئۆز شەھەر دائىرىسىدىكى سودىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتتە ئىشلەتكەن. دەرھەمدىن سىرت، يەنە بىر قىسىم پۇلخانىلىرى بەزىدە پارچا پۇل (ئىككىدىن بىر، ئۈچتىن بىر دەرھەمگە توغرا كېلىدىغان) ۋە پارچا يارماق (فىرىس) مۇ چىقارغان.

ئۆز تەۋەسىدىكى سودا بازارلىرىدا ئاساسەن مىس يارماق يەنى فىرىس ئىشلىتىلگەن. ئاتالمىش «كۆمۈش كىرىزىسى»، ئەمەلىيەتتە تاۋار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، كۆپلىگەن پۈتۈن پۇل، پارچا پۇللارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بازاردا بولسا ھەقىقىي دەرھەم يەنى ساپ كۆمۈش پۇل بەك ئاز ئىدى، ئىشلىتىلىدىغىنى كۆمۈش يالىتىلغان مىس پۇل ياكى كۆمۈش تەركىبى ئاز مىس-كۆمۈش قېتىشما پۇل ئىدى.

## مەدەنىيىتى

قاراقىتان مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى بىلەن تىلىنى، روسىيە ئالىمى بارتولد: «قارىغاندا خەنزۇ تىلى بولسا كېرەك» دەپ قارىغان. ئېلىمىز ئالىمى چېن يۈەن ئەپەندى قاراقىتان پادىشاھلىرىنىڭ خەنزۇچە يىلنامىلىرىغا ئاساسلىنىپ، «غەربىي يۇرتتا خېلى بۇرۇنلا خەنزۇ تىلى قوللىنىلغان» دەپ ھۆكۈم قىلغان. قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ نامى بىلەن بىر قىسىم ئەمەل نامى، بولۇپمۇ «لياۋ تارىخى» نىڭ 30-جىلد «قاراقىتانلارنىڭ ئۆتمۈشى» دىكى تىل-يېزىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، قاراقىتان خانلىقىدا ھەقىقەتەن خەنزۇ تىل-يېزىقى ئىشلىتىلگەن. لېكىن خانلىقمۇ چوقۇم قىتان تىلى بىلەن يېزىقىنى قوللانغان. چۈنكى قاراقىتاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى «ھۆدەيچى» خەنزۇ لى شىچاڭ قىتان يېزىقىنى بىلەتتى، ياللۇغ تاشىن ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، قىتان سۇلالىسىنىڭ ئاقىل بېگى «لياۋ يېزىقى» (قىتان يېزىقى) دىكى «زۇيىي قوشىقى» نى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بىر خەنزۇ ئەمەلدار قىتان يېزىقىنى بىلگەن يەردە، قىتان ئەمەلدارلىرى بىلەن قىتان خەلقى قىتان تىلى بىلەن قىتان يېزىقىنى چوقۇم بىلىشى كېرەك، خۇددى لياۋ سۇلالىسىگە ئوخشاش. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ھۆكۈمەت ئورتاق قوللانغان تىل بولۇشى كېرەك. تۈرك تىلى شۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان تىلى بولغاچقا، قىتان خەلقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى، شۇ جايدىكى خەلقلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئېھتىياجى تۈپەيلى تۈرك تىلى بىلەن يېزىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئىگىلىگەن. ھۆكۈمران گۇرۇھلارمۇ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۈرك تىلىنى ئۆگەنگەن. بۇ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن ئىشلاردىن قارىغاندا، قاراقىتان خانلىقىنىڭ خانى گۇرخان

قوچۇدىن (ئۇيغۇر) قارايىغاچ بۇيرۇنى ئوغلىنىڭ ئۇستازى قىلىش ئۈچۈن بالاساغۇنغا چاقىرتقان، ئەلۋەتتە، يالغۇز ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىلا ئۆگەنمەيدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ئۇنىڭ ئۆگىنىدىغان مۇھىم دەرسى، بۇنىسى شۈبھىسىز. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قىتانلار تۈرك تىلىنى ئاساسەن ئىگىلىشى كېرەك، قاراقىتان خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيغۇرچە كىيىنىپ، شۇ جايدىكى تۈرك تىلى قەبىلىسىگە سىڭىپ كەتكەن. قاراقىتان مەركىزىي ھۆكۈمىتى ماۋرائۇننەھر رايونىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلارنى ياللۇغ تاشىن دەۋرىدىلا پارسچە يازغان. قارام ئەللەر بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئالاقىلارنى شۇ جاينىڭ يېزىقى بىلەن يازغان. قاراقىتان خانلىقى قىتان يېزىقىدا يېزىلغان ھېچقانداق ئەسەرلەرنى قالدۇرمىغان. پەقەت «لياۋ تارىخى»دا ساقلانغان ياللۇغ تاشىنىنىڭ بىر قىسىم گەپ-سۆزلىرى ۋە بۇيرۇقلىرى بولۇپ، ياخشى يېزىلغان، ئالدىنقى باپلاردا نەقىل ئېلىنىدى، ئەمدى تەكرارلىمايمەن. XI ئەسىردىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تۈرك تىلىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەسەرلەرمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس.

ئەھمەد يەسەۋى، داڭلىق سوفىزم شەيخى، ئىلاھشۇناس ۋە شائىر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ سايرام قەلئەسى (ئىسىجاب شەھرى) دە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئۇستازى ئىسلام دىنى مىسسىئونېرى ئارسلانغان بابا (بابۇر ئارسلانخان) ئىدى. ئەھمەد يەسەۋى ھىجرىيە 562-يىلى (1166-1167-يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ ئىلاھىيەت شېئىرىي توپلىمى «دىۋانى ھېكمەت» (Diwan-Hikmet) نى تۈرك تىلىدا يازغان. بۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەھمەد يەسەۋى سوفىزم شەيخى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يازغان شېئىرلىرىدا ئاساسەن تەركىدۇنياچىلىقنى ۋە ئىتائەتمەنلىكنى تەكىتلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە بىر قىسىم مەدەنىيەت تارىخى ۋە جەمئىيەت تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارمۇ ساقلانغان. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ تۈرك تىلىدا يېزىقچىلىق قىلاتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى ھاجىم ئاتا (سۇلايمان باغىرقاي) بولۇپ، ئۇ نەسرىي شەكىلدە تەسەۋۋۇف ئەقىدىلىرىنىڭ ئەدەبىي مەجمۇئەلىرىنى ئاددىي خەلق تىلى بىلەن يېزىپ يارىتىپ چىقىپ، پۇقرالارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن. ئەھمەد يەسەۋى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاساسەن، ئىسلامدىكى دىنىي ئەقىدىلەرگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى، ھەمدە «يەسەۋى مەزھىپى» دەپ ئاتىلىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا خېلى كەڭ تارقالدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاس (ھازىرقى تۈركىستان شەھرى) قا دەپنە قىلىنىپ، بۇ يەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلانغان. كېيىنچە توغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بۇ يەر تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ كۆركەم قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. بارتولد: «بۈگۈنگە قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت شائىرلىرى ئۇنى دوراۋاتىدۇ» دېگەن.

ئەھمەد يۈكنەكى XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن بىر ئەما شائىر. ئۇ قاراقىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېگەن پەندى-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئىلاھىيەت شېئىرىنى يېزىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى مۇھەممەدكە تەقدىم قىلغان. تەشۋىق قىلىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئاپتور ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئاممىباپ تىلنى-قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتكەن. ئۇ: «خاقانىيە تىلىنى بىلىدىغان ھەر قانداق كىشى ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ» دېگەن. بۇ داستان جەمئىي 484 مىسرادىن

تەركىب تاپقان، 14 بابقا بۆلۈنگەن، 28 قۇرنى كېيىنكىلەر قوشقان. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» پەندى نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان بولۇپ، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كىشىلەرنى مەرىپەتلىك بولۇشقا، ئىلىم-بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە چاقىرغان. ناچار ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئەيىپلىگەن. ئاپتور ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان:

كىم ئىككى يۈزلىمىچى بولسا، شۇ ئەتىۋارلىق بولىۋاتىدۇ،
ئەتىۋارلىق بولىمەن دېسەڭ، ماڭ، ئىككى يۈزلىمىچى بول.
كىم يوللۇق بولسا، ئۇنىڭغا يول يوقتۇر،
كىم يولسىز بولسا، ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر.

يەنە زاماننىڭ تەڭسىزلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان.

بۇ ھۈنەرۋەنلەر بۇ دۇنيا ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟
نېمىشقا بۇ دۇنيا ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز قىينايدۇ؟
پەسلەرنى كۆتىرىپ، ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇرىدۇ؟
ئەمىسە، بۇ قۇتسىز دۇنيا قېرىپ ئەقلىدىن كەتتىمۇ؟!

شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئادىل بولۇشقا ئۈندىگەن. شۇنداقلا ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، ھاكاۋۇرلۇق، يالغانچىلىق، ئىشرەتپەرەسلىكنى قاتتىق ئەيىپلىگەن. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، كەمتەر، كەڭ قورساقلىق ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. لېكىن بۇ داستان يەنىلا دىنىي پەندى-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان بولۇپ، پەلەكنىڭ چاقىنى بىلىپ بولمايدۇ، جاھاندىكى ھەممە ئىش تەقدىردە بەلگىلەنگەن دەيدىغان تەقدىرچىلىك قاراشتىن خالى بولالمىغان.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» بىر ئىلاھىيەتچىلىك ئەسىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر. ئۇ ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئاپتور تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، گەرچە پۈتۈن داستاندا پەلسەپە قائىدىلىرى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئاپتور سېلىشتۇرۇش، گەۋدىلەندۈرۈش، قايتىلما، تەكرارلاش قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كىتابخانلارغا ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

قاراقىتان خانلىقى مەزگىلدە ماۋرائۇننەھر رايونىدا يەنە بىر قىسىم شائىرلار چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمىئەقى بۇخارى (1147-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) بىلەن سوزەنى سەمەرقەندى (1173-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) كۆزگە كۆرۈنگەن. ئەمىئەقىنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى نەپىس يېزىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ شەكلى مۇكەممەل دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. بۇ شېئىرلار تاجىك شائىرلىرىنىڭ ئۇستازى ۋە ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

## بىناكارلىق سەنئىتى

قاراقىتان خانلىقى دەۋرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بىرى، ئىسلام دىنىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، يەتتىسۇ رايونىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىمۇ ئىسلاملاشتى. يەنە بىرى، قىتانلار بىلەن خەنزۇلار ئىلغار خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلدى، بىناكارلىققىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى.

يەتتىسۇ رايونى گەرچە X ئەسىردىلا ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي چەمبىرىكىگە كىرگەن بولسىمۇ،

لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان. قاراقىتان خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى ئاندىن خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي سىڭىپ كىرگەن. بۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئىسلاملاشقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاتالمىش بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ئىسلاملىشىش بولسا ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى بىناكارلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىشىشى ئىدى. تۆت تەرىپى ئېگىز تام بىلەن ئورالغان، ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان مەسچىت شەھەر سەيناسىنىڭ بىر چېتىدە تۇراتتى، شەھەر سىرتىدىكى ئېكىنزارلىقلاردىمۇ ئۈستى يۇمىلاق ئېگىز بىنالار مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىلىرى پەيدا بولدى. بۇ بىنالارنىڭ سېلىنىشى شەھەر بىلەن يېزىنىڭ مەنزىرىسىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ دەۋردىكى تۇرار جايدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان، شەھەر ئىچىدە تام بىلەن تۈۋرۈكتىن قوپۇرۇلغان ھويلا-ئاراملار پەيدا بولدى. بۇلار ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بايلارنىڭ ھويلىسى بار، ھويلىنىڭ تۆت تېمىدا 10 نەچچە ئېغىز ئۆي بار. بۇنداق ھويلىلارنىڭ كۆلىمى 200—300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئۆي سايمانلىرى تولۇق، دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىنغان، بەزىلىرىگە رەڭلىك موسايىك چاپلانغان. ئىشىكلىرى ئاساسەن ئەگمە شەكىلدە ياسالغان. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى يۇمۇلاق، ئۆيلىرى بىراز كەڭ، ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. قول سانائەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى كۆپىنچە بىر كىچىك ھويلا، ئوتتۇرىدا بىر كارىدور بولۇپ، ھويلىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ، ئالدى دۇكان، كەينى ئۆي بولىدۇ. بۇ خىل كىچىك قورودا ئادەتتە 5~8 ئېغىز ئۆي بولىدۇ. شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ ئۆيلىرى ناھايىتى كىچىك، ئاساسەن بىر-ئىككى ئېغىزلا بولىدۇ. ئۆيى ۋە دۇكىنى بىر يەردە بولىدۇ. ھويلىسى يوق.

ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى بۇ مەزگىلدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. ساراي ۋە مەسچىت قاتارلىق چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلاردىن سىرت، خەلقىنىڭ تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، مەسىلەن: سۇ چىقىرىش، ئىسسىتىش، ئەخلەت تۆكۈش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان. يەتتىسۇ رايونىدىمۇ بۇ جەھەتتىكى قۇرۇلۇشقا بارا-بارا دىققەت قىلىنغان.

بۇ دەۋرنىڭ بىناكارلىقى يالغۇز سىرتىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىچىنىڭ نەپىس-چىرايلىق بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ھۆكۈمرانلاردىن بايلار، قول سانائەتچىلەر، دېھقانلارغىچە بۇنى مودا قىلغان. نەپىس ئويۇلغان تاختىلار رەڭگا-رەڭ تام رەسىملىرىنىڭ ئەتراپىغا ماسلاشتۇرۇپ، گەج بىلەن قاتۇرۇپ ياسالغان يوپۇرماق گۈل تۇرۇسىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئويۇپ چوڭ زالنى ناھايىتى جانلىق تۈسكە كىرگۈزگەن.

بىناكارلىقنىڭ بىزەك بۇيۇملىرى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشى بىلەن زىچ بىرلەشكەن. بۇ دەۋردىكى بىناكارلىقنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يەنىلا كېسەك بىلەن لاي ئىدى، لېكىن خىش ئىشلىتىش خېلى بۇرۇن ئومۇملاشقان. شۇڭا بىناكارلىق تېخنىكىسى جەھەتتە خېلى چوڭ ئەگىملەرنى چىقىرالايتتى. كۈلالچىلىق تەرەققىي قىلغانلىقتىن، بىر قەدەر مۇرەككەپ ساپال بۇيۇملىرى، مەسىلەن: گۈللۈك خىش، گۈللۈك گىرۋەك ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايتتى. بۇلار بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ماددىي شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

قاراقىتان خانلىقىغا بىۋاستە قارايدىغان جايلاردا بىناكارلىق بىلەن بېزەش سەنئىتى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. سوۋېت قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى 1956-يىلى نەشر قىلغان «قىرغىز رايونى تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: بالاساغۇن رايونىدىن باشقا، ئالېكساندرىيە قەدىمىي شەھىرىدىمۇ قاراقىتان تۇرار جايلىرىنىڭ خارابە ئىزى بايقالغان. ئۇلار بىناكارلىق بېزەش جەھەتتە، خەنزۇ سەنئىتى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتى كەڭ ئىپادىلەنگەن. ئۇلار بۇ يەردە

ئاللىقاچان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. مەيلى خەنزۇ بىناكارلىق ئۇستىلىرى بولسۇن ياكى شۇ يەرلىك ئۇستىلار بولسۇن، ئالدى بىلەن خەنزۇلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن ماتېرىياللىرىنى ـ كاھىش، ھەيكەلتاراشلىق، كاھ شەكىلدىكى ئىسسىنىش سىستېمىلىرىنى ئىشلەتكەن.

مەسىلەن: ئالېكساندىرىيە قەدىمىي شەھىرىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەرق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تېپىلغان. چاسا خىش، كولرەڭ يېرىم چەمبەر كاھىش (رەخت توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ) بۇ يەردىن يەنە ئۆرۈمە كاھىش بايقالغان. كاھىشنىڭ ئۈستىدە سۈرەت بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغىنى بۇت، تۆت ئەتراپىدىكى ئەۋلىيا.

قاراقىتان ياسىغان بۇتخانىلار خەنزۇ ئۇسلۇبىدا گۈل چىقىرىپ بېزەلگەن.

قاراقىتان خانلىقى دەۋرىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ «قىرغىز رايونى تارىخى» نىڭ ئاپتورى: «قىرغىزىستاندا بارلىققا كەلگەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى دولقۇنى پۈتۈنلەي قاراقىتانلارغا مەنسۇپ» دەپ كۆرسەتكەن.

قاراقىتان خانلىقى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

1. بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدا ئومۇمەن خىش ئىشلەتكەن، خىش لايىھىلەش ۋە بېزەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭى ماددىي شارائىت يارىتىپ بەرگەن. خىش يالغۇز خەلق قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەزى ھەيۋەتلىك بىنالاردا (مەسىلەن: ساراي، قەلئە قاتارلىقلار) قۇرۇلۇشىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. خىش دائىم كېسەك، لاي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كېپەك ياكى چالما بىلەن قۇيۇلغان خىش گۈمبەز شەكلىدە ئەگمە چىقىرىشقا ئىشلىتىلگەن ياكى ئاستىغا ياتقۇزۇلغان.

2. تەكشى يۈزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلى تەرەققىي قىلغان ھەم مۇكەممەللەشكەن. بۇ خىل ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلى ئاددىي خەلقنىڭ ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەزى دىنىي قۇرۇلۇش بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىمۇ قوللانغان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا تۆت ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ھويلىغا قارايدۇ. قېلىن ھەم ئېگىز تاملار ئۆيلەرنى ئوراپ، سىرت بىلەن ئايرىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ھويلىدا پەقەت بىرلا چوڭ ئىشىك بولىدۇ.

3. بىناكارلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئۆيلەرگە يۇمىلاق ۋە ئېگىز ئىشىك ئىشلىتىلگەن. بۇ بىر قىسىم ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئازادە، ئېگىز كۆرسىتىدۇ، ھەر خىل رەڭدىكى بېزەكلەر بىلەن چوڭ زال تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنىدۇ. بىنانىڭ ئوتتۇرا ئىشىكى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، بۇ بىنادىن ئېگىز قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. بەزىدە پۈتۈن بىنانىمۇ توسۇۋېلىپ، ئارقىسىدىكى بىنانى كىشىگە سىرلىق ـ كاتتا، ھەشەمەتلىك كۆرسىتىدۇ.

4. بېزەش ماھارىتى جەھەتتە، ئۆلچەم بويىچە فارفور خىش، گۈللۈك خىش ئىشلەتكەن. ساپال سىرىنىڭ (ئېمال) تەرەققىي قىلغانلىقتىن، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە دائىم ھەر خىل نەقىشلىك فارفار خىش ياكى رەڭلىك فارفورلار بېزەك ئورنىدا بىنانىڭ يۈزىگە چاپلىتىدۇ. بىناركالىق قۇرۇلۇش يەنە ساپال بۇيۇملىرى ئۆي ئىچىدىكى تام، تورۇسلارغىمۇ چاپلىنىدۇ.

5. شەھەر ئىچىدىكى ئاممىۋىي بىنالارنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى، سۇ يولى بىلەن مونچىلار ھەر قايسى شەھەرلەردە ئومۇملاشقان.

6. تۈرمۈش قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى. مەسىلەن: بىر قىسىم ھويلا-ئارامىلاردا

مەينەت سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرى ۋە ئۆي ئىچىدىكى ئىسسىنىش مۇئەسسەسەلىرى بارلىققا كەلدى.

## ئىزاھلار:

①«تاجىك تارىخى» 2-توم، 262-بەت.

②⑨ «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» 2-توم، 69-بەتكە قاراڭ.

③⑦ «قىرغىز جۇمھۇرىيىتى تارىخى» 1-توم، 311-313-بەتكە قاراڭ.

④⑥ «تارىخىي جاھان كۈشاي» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1-قىسىم 421-بەت، 72-بەتكە قاراڭ.

⑤ ليۇيۇ يازغان: «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».

⑧ ياللۇغ چۇساي يازغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، ليۇجىلىڭ يازغان «شىمالغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ليۇيۇ يازغان: «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».

⑩ «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى»، 2-توم، 22-29-بەتلەر.

⑪ «باۋگۇالڭ توپلىمى»، 1-قىسىم .

⑫ «رۇبرۇكنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسى» خې گاۋجىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 2461-بەت. «يىشەن ئەپەندىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى» 1-جىلد.

⑬ «ئومۇمىي تارىخ» تۇرنبۇرگ نۇسخىسى، 12-جىلد 171-بەت.

⑭ جىن سۇلالىسى تارىخى» 121-جىلد.

⑮ «ئومۇمىي تارىخ» تۇرنبۇرگ نۇسخىسى، 9-جىلد 355-بەت.

⑯ «ئومۇمىي تارىخ» تۇرنبۇرگ نۇسخىسى، 11-جىلد 55-56-بەت.

⑰ يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار 1979-يىلى نەشر قىلىنغان «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» نىڭ 2-قىسىم 4-باب ۋە 1956-يىلى نەشر قىلىنغان «قىرغىز رايونى تارىخى» نىڭ 1-قىسىم 3-باب 4-بۆلۈمىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلىز مامۇت
رەشىدە مامۇت

تەرجىمە تەھرىرى: جۇمەخۇن

# جۇرجان خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى

## — قوشۇمچە دېگىلىك، تېلې قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە باش كۆتىرىشى (داۋامى)

شۆ زۇڭجېڭ

### 3. داتان، ئۇت دەۋرىدە جۇرجانلار كۈچىنىڭ ئېۋىرغول، قۇجۇ، كىنگىت، كۇسەن، پىشامشانلارغا سىڭىپ كىرىشى

قاڭقىللار يۆلىگەن قۇجۇدىكى مىڭىلىك ھاكىمىيىتى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، ئالدى قاڭقىلىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى، شۇڭا «ئالدى قاڭقىلدىكى غۇزلارنى قاڭقىللار كۆچۈرۈپ كىنگىتكە ئېلىپ كەتتى.» بۇ ئىشمۇ چوقۇم تەيخېنىڭ 20-يىلى (مىلادى 496) يۈز بەرگەن، ئۇ چاغدا قاڭقىللار كىنگىتنى مەھكەم كونترول قىلىپ تۇرغانىدى، لېكىن ئېفتالىتلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا يەنىلا پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولدى، چۇڭچى ئۆلتۈرۈلدى. «شۇ چاغدا، قاڭقىللارنىڭ كۆل بېگى چۇڭچى ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوغلى مىئوتونى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتتى، پۇقرالىرى تارقىلىپ، بەزىلىرى ۋېي سۇلالىسى تەرەپكە كەتتى، بەزىلىرى جۇرجانلار تەرەپكە كەتتى. ۋېي پادىشاھى خان مۇھاپىزەتچىلىرى سانغۇنى مېڭ ۋېينى ئەل بولغان پۇقرالارنى قوبۇل قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى گاۋپىڭ شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇردى»[78]. چۇڭچى قاڭقىللارنىڭ جەنۇبتىكى ئىشلىرىنى باشقۇرغان قاغانى ئىدى، ئۇنىڭ مەغلۇب بولۇپ ھالاك قىلىنغانلىقى كىنگىتنىڭ قولدىن كېتىپ، ئېفتالىتلارنىڭ كۈچى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولىغا يېتىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە، تيەنجيەننىڭ 7-يىلى (مىلادى 508) دېكى ئىشلارغا قوشۇمچە قىلىپلا خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ توغرا ۋاقتىنى ئالاقىدار زور تارىخىي ۋەقەلەر ئىچىدىن تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېفتالىتلارنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشتىكى مەقسىدى — ئاساسلىقى، يىپەك يولىنى ئېچىش ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ دۈچ كېلىدىغان رەقىبى قاڭقىللار بولۇپ قالماستىن، يەنە جۇرجانلارمۇ بار ئىدى. ئېفتالىتلارنىڭ كۈچى كىنگىتكە يېتىپ بارغانىكەن، جۇرجانلار يۆلىگەن قۇجۇ خانى مارۇنىڭ تەۋرىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر ئىدى، شۇڭا ئۇ جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ شىمالىي ۋېيگە ئەل بولۇش نىيىتىگە كەلدى. تارىختا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: تەيخېنىڭ 21-يىلى (مىلادى 497) «قۇجۇ خانى مارۇ ۋاڭ تىشۇەننى ۋېي ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن پۇقرالىرىنى باشلاپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋېي پادىشاھىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى خان

مۇھاپىزەتچىلىرى سانغۇنى جاڭ ئەنباۋنى ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى، ئېۋۇرغولدىن 500 چاقىرىم كۆلەمدە يەر ئاجرىتىپ مارۇننىڭ پۇقرالىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرىدى»[79]. گاۋگاۋزى ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ۋېي قوشۇنلىرى ئېۋۇرغولنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئالغاندى، جاڭ ئەنباۋ شۇ يەرنى ساقلاشقا قالدى. مارۇننىڭ قوشۇنى يولغا چىققاندى، لېكىن ۋېي قوشۇنى تېخىچە يېتىپ كەلمىدى، مارۇننىڭ ئالدىدىن يۈرگۈچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى گۇلڭ گۇلى، كۇجيالار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇجۇغا قايتىپ كەلدى. مارۇنى ئەسلى جۇرجانلار يۆلەپ تەختكە چىقارغان، ئۇنىڭ جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ شىمالىي ۋېيگە ئەل بولماقچى بولۇشى ئېفتالىتلارنىڭ چوڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، كىنگىتنى تارتىۋالغانلىقى ۋە قۇجۇغا تەھدىت سالغانلىقى بىلەن چوقۇم مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، چوڭچىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، مىئوتوننىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقى قاتارلىق ئىشلار تەيخېنىڭ 21-يىلى (مىلادى 497) بولغان ئىش. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپۇرغۇر ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىنى قەتىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، «خەلقنىڭ رايى قايتىپ، خەلق ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەمەتىدىن بولغان بالىيانىنى خان قىلىپ تىكلىدى»[80]. تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن يىلىمۇ ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. قاڭقىل ئوردىسى جايلاشقان «ئالدى قاڭقىلنىڭ غەربىي شىمالى» قۇجۇغا يېقىن بولغاچقا، بۇ ۋەقەنىڭ قۇجۇدا ئەكس تەسىر قوزغىشى چوقۇم ئىدى. مارۇننىڭ بىرىنچى قېتىم شەرققە كۆچۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئۇ يەنە ئىككىنچى قېتىم شەرققە كۆچۈشنى باشلىدى، ۋېي ئەلچىسى خەن شىگۈەن ئۇلارنى يەنىلا جاڭ ئەنباۋنىڭ كۈتۈۋالدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، مارۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى مايشۇ بىلەن گۇلڭ گۇلى قاتارلىقلارنى ۋېي ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار پىچان شەھىرىگە يېتىپ باردى، پىچان شەھىرى بىلەن قۇجۇنىڭ ئارىلىقى 160 چاقىرىمچە كېلەتتى. «قۇجۇلۇقلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ شەرققە كۆچۈشنى خالىماي، مارۇنى ئۆلتۈرۈپ، كۇجيانى خان قىلىپ تىكلەپ، جۇرجانلارغا قايتا ئەل بولدى.» بۇ ۋەقە تارىخ كىتابلىرىدا شۇنداق يېزىلغان بولسىمۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ شۇنداق ئاددىي بولۇشى ناتايىن، جۇرجانلارمۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە چوقۇم قول تىققان. كۇجيا دەسلەپتىلا جۇرجانلارغا تايىنىپ خانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى يەنىلا ئېنىق ئەمەس. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە تەيخېنىڭ 20-يىلى (مىلادى 497) دىكى ئىشلار قاتارىدا قوشۇمچە تىلغا ئېلىپلا قويغان، ئەمەلىيەتتە بۇ ۋاقىت توغرا ئەمەس. خۇسەن تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئالاقىدار ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، «چېڭپىڭ» كۇجيانىڭ يىلنامىسى ئىكەنلىكىنى، چېڭپىڭنىڭ تۇنجى يىلى مىلادى 502-يىلى بولۇپ، شۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يىلى تەختكە ئولتۇرۇپ، كېيىنكى يىلى يىلنامىنى ئۆزگەرتىش ئادىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، كۇجيانىڭ مارۇننىڭ ئورنىغا ئۆتكەنلىكى جىڭمىڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 501) بولغان ۋەقە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى[81]. يەنە مارۇننىڭ شەرققە كۆچۈشى ئاپۇرغۇر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بالىيان تەختكە چىقىپ قاڭقىل خانى بولغانلىق ۋەقەسى بىلەن چوقۇم مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىككى ۋەقەمۇ چوقۇم جىڭمىڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 501) يۈز بەرگەن، شەرققە كۆچۈش ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن، كۇجيا جۇرجانلارغا قايتا ئەل بولغان، قاڭقىللار ئۇلارغا تەگمىگەن، بۇ، بالىيان تەختكە چىققاندىن كېيىن جۇرجانلار بىلەن ياخشىلىشىپ، بىرلىكتە ئېفتالىتلارغا تاقابىل تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ سىياسەت جۇرجانلارنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ تازا ماس كېلەتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شۇ مەزگىللەردە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن بۇ جىددىي ئۆزگىرىشلەر ناغاينىڭ چوڭ قوملۇق ئېغىزىدىكى مۇھىم شەھەر — قۇجۇنى قايتا كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى كونا رەقىبى قاڭقىللارنىمۇ دۈشمەندىن دوستقا ئايلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۆلىتى بىر مەھەل قايتا جانلاندى.

جېڭشىننىڭ 3-يىلى (مىلادى 506) فۇدەيقۇجە قاغان ناغاي ئۆلۈپ، «ئۇنىڭ ئوغلى بۇت تەختكە

چىقتى، تۇغخان قاغان دەپ ئاتىلىپ، يىلنامىنى شىپىلىڭ دەپ ئۆزگەرتتى»[81]. بۇ قاغان تەختتە تۇرغان مەزگىلدە (مىلادى 506ـ508) بۇددا دىنىنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدى، «بۇت» دېگەن ئىسىم «بۇددا» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى بولسا كېرەك. ئۇ بۇ جايلاردىكى شەھەر دۆلەتلىرى ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلماقچى بولغان، لېكىن ئۇ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلاردا ھېچقانداق تۆھپە يارىتالمىغاچقا، جۇرجان خانلىقى قايتا ئاجىزلاشتى. بۇ قاغان تەختكە چىقىش بىلەنلا ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربىي يۇرتنى باشقۇرماقچى بولدى، جېڭشىنىڭ 4-يىلى (مىلادى 507) غا كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى يېرىم ئەسىردەك ئۈزۈلۈپ قالغان ئېفتالىتلار ۋېي ئوردىسىغا قايتىدىن ئەلچى ئەۋەتتى، بۇ، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلب قىلىدىغان ھادىسە بولۇپ، بۇ، ئېفتالىتلارنىڭ بالىيانىنى غۇلىتىپ، مىتۇتونى قاڭقىل خانى قىلىپ تىكلىش ۋەقەسى بىلەن چوقۇم مۇناسىۋەتلىك. تارىختا قاڭقىل بالىيانىڭ جۇرجانلار بىلەن بىرلىشىپ ئېفتالىتلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئېفتالىتلار قاڭقىللارغا يۈرۈش قىلىپ، مىتۇتونى قولغا كەلتۈردى. يۇقىرىلار بالىيانى ئۆلتۈرۈپ، مىتۇتونى قارشى ئېلىپ تەختكە چىقاردى، ئوردىغا قايتا ئەلچى ئەۋەتتى. يەنە پادىشاھقا بىر دانە قويما ئالتۇن، بىردانە قويما كۈمۈش، ئىككى دانە ئالتۇن ھاسا، يەتتە ئات، ئون تۆگە تەقدىم قىلدى. پادىشاھ ئۆز ئەلچىسى مۇرۇڭتەنگە يارلىق چۈشۈرۈپ، مىتۇتوغا تۆرلۈك رەڭدار يىپەك رەختتىن 60 توپ ئىنئام قىلىشنى بۇيرۇدى. پادىشاھ شىزۇڭنىڭ يارلىقىدا: ‹سىز قومۇلۇقنىڭ سىرتىدىكى شۇنچە يىراق جايدا تۇرسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىنى قايتا-قايتا ئىزھار قىلىپ، ساداقەتمەنلىكىڭىزنى بىلدۈردىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئالاھىدە تەقدىرلەيمەن. جۇرجان، ئېفتالىت، تۇيغۇنلار ئالاقە قىلىشتا قوجۇدىن ئۆتىدۇ، ئۇلار قوجۇغا تۇتاش، ھازىر قوجۇ خاندانلىقىمىزغا ئەل بولدى، ئەلچى ئەۋەتىپ كۈتۈۋالىمىز، جۇرجانلار بېرىش-كېلىشتە يولنى توسۇپ ئەسكىلىك قىلسا، كىچىك ئەللەرگە چېقىلسا، خاننىڭ ئادەملىرىنى بوزەك قىلسا، ئۇنىڭ جىنايىتىنى كەچۈرمەيمەن› دېيىلگەن. »[82] بۇ ھەقتە، «بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت» دېگەن خاتىرە بىلەن چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. باشقا ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىتۇتونىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىغان ۋاقتى يۇڭپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 508)، جېڭشىنىڭ 4-يىلى (مىلادى 507) بولسا بالىيان ئۆلتۈرۈلگەن يىل، يەنى ئېفتالىتلار مىتۇتونى قاڭقىل خانى قىلىپ تىكلىگەن يىلدۇر. بالىيان ئەمەلىيەتتە ئالتە يىل (مىلادى 501ـ507) ھۆكۈم سۈرگەن. بالىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى مۇقەررەر ھالدا جۇرجانلارغا ئەل بولغان قوجۇ خانى كوجىيانى چۆچۈتتى. «يۇڭپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 508)، كوجىيا چوڭ ئوغلى سول قول باسقاق سانغۇن بىلەن لوكچۇن ۋالىيسى كوشياۋلياڭنى پايتەختكە ئەۋەتىپ يەنىلا ئىچكىرىگە كۆچۈشنى، قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن مېڭ ۋېينى لياڭجۇدىن 3000 ئەسكەر باشلاپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى»[84].

ئىلگىرى مارۇغا قوللىنىلغان ئۇسۇل بويىچە، ئۇلارنى ئېۋىرغولغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ، ۋېي پادىشاھىنىڭ يارلىقىدا ئېيتىلغان «ھازىر قوجۇ خاندانلىقىمىزغا ئەل بولدى» دېگەن ۋەقەدۇر. ئۇ چاغدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئېفتالىتلار بىلەن ياخشىلىشىپ، جۇرجانلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرىۋاتاتتى، شۇڭا مىتۇتونىڭ بالىيانىڭ ئورنىغا قاڭقىل خانى بولغانلىقى، قوجۇ خانى كوجىيانىڭ جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى قوللىدى. يەنە ئېفتالىتلار چۆڭچىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى تاشلاپ، تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى، كوجىيا بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى ئوغلىنى ئەۋەتىپ كىنگىتنى ئىشغال قىلدى، قاڭقىلدىكى جۇرجان

تەرەپدارلىرىنىڭ غولىغانلىقىغا قاراپ، جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ شىمالىي ۋېيگە ئەل بولدى.

ئېفتالىتلارنىڭ مىئۇتونى يۆلەپ قاڭقىل خانى قىلىشتىكى مەقسىتى ـ ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ئۆتۈش ئۈچۈن يول ئېچىش ئىدى، شۇ سەۋەبتىن جۇرجانلار بىلەن قاڭقىللار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يەنە قوزغالدى. يۈكچېكنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 508) تۇغخان قاغان بۆت ئۆزى قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. «مىئۇتو تۇغخان قاغان بىلەن باركۆلدە جەڭ قىلدى، غەلىبە قىلالماي، غەربكە قاراپ 300 چاقىرىم يۈردى. تۇغخان ئېۋىرغولنىڭ شىمالىدىكى تاغدا كۈتۈپ تۇردى. مىئۇتو قۇجۇ خانى كۇجىيا بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋېي سۇلالىسى تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا مىڭ ۋېي چاپقۇر ئەجدىھار سانغۇن ئىدى، ۋېي پادىشاھى ئۇنى لياڭجۇدىن 3000 ئەسكەر بىلەن ئېۋىرغولغا بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. تۇغخان قاغان مىڭ ۋېي قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. مىئۇتونىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ تارمار قىلدى، تۇغخاننى باركۆلنىڭ شىمالىدا ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ چېچىنى كېسىۋېلىپ مىڭ ۋېيغا ئاپىرىپ بەردى، ئاندىن ۋېي ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى»[85]. كۇجىيانىڭ شەرققە كۆچۈشى ئۇنىڭ چىن مۇددىئاسى بولماستىن، بەلكى «قاڭقىللارغا قايتا ئەل بولۇش»[86] ئۈچۈن بولسا كېرەك. «قۇجۇ خانى كۇجىيا ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەچكە، مىڭ ۋېي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەتتى»[87]. كۇجىيانىڭ قۇجۇ خەلقىنى شەرققە كۆچۈرۈش ئۈچۈن قوزغىغان ھەربىي ھەرىكىتى ئاخىرى بېرىپ بۆت ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتكۈچى ئامىل بولۇپ قالدى.

تۇغخان قاغان بۆت ئۆلگەندىن كېيىن، «ئۇنىڭ ئوغلى چۇنۇ تەختكە چىقىپ، دۇلوفۇبادۇ قاغان دەپ ئاتالدى، يىلنامىنى جيەنچاڭنىڭ تۇنجى يىلى دەپ ئاتىدى»[88]. دۇلوفۇبادۇ قاغان چۇنۇ تۇراقسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا قادىر چېۋەر جۇرجان قاغانى بولۇپ، تەختتە تۇرغان مەزگىلىدە (مىلادى 508 ـ 522) ئەپچىللىك بىلەن بىر قاتار سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، قاڭقىللارنى يېتىم قالدۇردى ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇردى. بىرىنچىدىن، خەنزۇچە يىلنامىنى قوللىنىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، كەڭ خەنزۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى؛ ئىككىنچىدىن، بۇددا دىنىنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىپ (مەسىلەن سىرامان خۇڭ شۇەندىن شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا پىل چىشىدىن ياسالغان تەسۋى ئەۋەتىپ)، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى؛ ئۈچىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي لياڭ ۋە شىمالىي ۋېي سۇلالىلىرى بىلەن ياخشىلىشىپ، شەرقىي لىنىيىنىڭ ۋەزىيىتىنى پەسەيتىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى (مەسىلەن، مىلادى 515-يىل 4-ئايدا لياڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىدى، 7-ئايدا شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا تارتۇق يوللىدى). بۇ چاغدا شىمالىي ۋېيمۇ «جۇرجانلار پۈتۈنلەي ھالاك بولغان»[89]دىن كېيىن «قاڭقىللارنىڭ قانداق زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغانلىقى»[90] دىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا جۇرجانلار بىلەن قاڭقىللارنىڭ بىر-بىرىنى ئاجىزلىتىشىنىمۇ ياقتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ جۇرجانلارنى ئەندىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆچ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. «شىنپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 516) جۇرجانلار غەربكە يۈرۈپ قاڭقىلغا ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، ئۇنىڭ خانى مىئۇتونى تىرىك تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قوشۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلىتى كۈچەيدى»[91]. مىئۇتونىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى پاجىئەلىك بولدى، «ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قاشاڭ ئاتقا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، باش سۆڭىكىنى سىرلاپ شاراب جامى قىلىۋالدى»[92]. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 995-جىلدىدىمۇ «لياڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنجيەن يىللىرى ئوتتۇرىسىدا، جۇرجانلار دىڭلىڭلارنى مەغلۇب قىلىپ، دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قوشۇۋالدى» دېگەن سۆز كىنىگىت،

كۆسەن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇرجانلارغا قايتا ئەل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پىشامشانغا كەلسەك، ئەلى كېيىن دېگەندىمۇ شېنجۈنىڭ 2-يىلى (مىلادى 519) تويغۇنلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ باشقا ماتېرىياللاردا تەپسىلىي ئىسپاتلانغان.

جۇرجانلار قايتا روناق تاپقاندىن كېيىن، شىمالىي ۋېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنە تېزلا يامانلاشتى. «شېنگۇيىنىڭ 2-يىلى (مىلادى 517) ئېركىن ۋېيبىجەن، خېشىقولۇبا، كۆك كۆلى قاتارلىقلارنى ۋېي ئوردىسىغا يەنە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى»[93]. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 148-جىلدىدا، بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ «تەڭ دۆلەت ئەلچىسى سۈپىتىدە سالام-سائەت قىلغان»لىقى خاتىرىلەنگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 990-جىلدىدىمۇ ئۇلارنىڭ «تەڭ دۆلەت ئەلچىسى سۈپىتىدە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزلىرىنى ‹كەمىنىلىرى›، دەپ ئاتىمىغان»لىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ، جۇرجانلارنىڭ قايتا جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، چۇنۇنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن قايتا ئۆزىگە سوقۇشتۇرغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋېي ئوردىسىغا 12-ئايدا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ۋېي پادىشاھى كېيىنكى يىلى (مىلادى 518) 2-ئايدا ئاندىن «جۇرجان ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا قارام دۆلەت ئەلچىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان»[94]لىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، بۇ چاغدا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە دۈشمەنلىشىش ھالىتىگە قايتقان. مىئوتو گەرچە ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېفتالىتلار «مىئوتونىڭ ئىنىسى يىفۇنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇپ»[95]، خان قىلىپ تىكلىدى، قاڭقىللارنىڭ كۈچى قايتا جانلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۇنۇ ئايال پېرىخۇن دىخۇندىۋەننى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، «ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى»[96]. بۇت قاغان بۇددا دىنىنى تەشەببۇس قىلغاندىن بۇيان، جۇرجانلارنىڭ دۆلىتىدىكى ئەنئەنىۋىي پېرىخۇنلۇق دىنىي كۈچلىرى خېلىلا ئاجىزلاشقانىدى، چۇنۇ بۇنداق «جىن-شاياتۇنلارغا ئىشىنىدىغان» پېرىخۇنلۇق دىنىنى يولغا قويغانلىقتىن، ئۆز دۆلىتىدىكى دىنىي زىددىيەتنى ۋە خان جەمەتى، يۇرت ئاقساقاللىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، دۆلىتىنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى. جېڭگۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى «ئاپۇرغۇر چۇنۇغا ھۇجۇم قىلىپ، چۇنۇ جەڭگە ئاتلاندى، لېكىن مەغلۇب بولۇپ قايتتى»[97] (بۇ يەردە قاڭقىلنىڭ يېڭى قاغانى يىفۇنىڭ ئورنىغا خاتا ھالدا ئاپۇرغۇر يېزىلىپ قالغان). چۇنۇ مەغلۇب بولۇپ ئابرويى پۈتۈنلەي تۆكۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئانىسى خۇلۇيىلىن ۋەزىرلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى قەتل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇرجان خانلىقىنىڭ سەلتەنىتى ئاخىرلاشتى.

## 6. ئاناغايىنىڭ جۇرجانلارغا ئىككى قېتىم ھۆكۈمران بولۇشى ۋە خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەكس نۇرى ھەم ئۇنىڭ ئۆچۈشى

دۇلوفۇبا قاغان چۇنۇ ئۆلگەندىن كېيىن، جۇرجان خانلىقى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. لېكىن تارىخ تەرەققىياتى ئەگرى-بۈگرى بولىدۇ، ئاناغايىنىڭ جۇرجانلارغا ئىككى قېتىم ھۆكۈمران بولۇشى بۇ خانلىق يوقىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پارلاق ئەكس نۇرىنى يەنە چاچقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

جېڭگۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 520) جۇرجان خانلىقىدا زور مالىمانچىلىق يۈز بەردى. خان ئانا خۇلۇيىلىن ۋەزىرلەر بىلەن بىرلىشىپ چۇنۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئاناغايىنى تەختكە چىقاردى، ئۇ تەختكە چىقىپ ئون كۈندىلا «ئۇنىڭ بىر جەمەت ئاكىسى شىفا نەچچە تۈمەن ئادىمىنى باشلاپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، ئاناغاي يېڭىلدى، ئۇ ئىنىسى ئىجۇدەي بىلەن ۋېي سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى»[98]. شىفا ئۇنى قوغلاپ ئىزدەپ بېرىپ «خان ئانا خۇلۇيىلىن بىلەن ئاناغايىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسىنى ئۆلتۈردى»[99]. شۇنىڭ بىلەن جۇرجان خانلىقىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى، شىفامۇ ئاغدۇرۇلدى،

«ئاناغاي جەنۇبقا كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى براخمان نەچچە تۈمەن ئادەمنى باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلدى، شىمالدا دىدۈگەن(؟) گە قېچىپ كەتتى(100). جۇرجان خانلىقى مۇشۇ ئىچكى مالىمانچىلىقتىن كېيىن، زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى، ئۇنىڭ كونا رەقىبى قاڭقىللار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلاندى، جېڭگۇاڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 521) «يىفۇ جۇرجان قاغانى براخمانغا ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، براخمان 100 مىڭ قوۋمنى باشلاپ لياڭجۇغا بېرىپ، ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى» (101). دېمەك، جۇرجانلارنىڭ ئىككى قاغانى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى. بەزى ئالىمەتلەردىن قارىغاندا، جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، شىمالىي چۆللۈكنى ئىشغال قىلمىغانلىقى مەلۇم، لېكىن شۇ ئارىدا جۇرجانلاردا يەنە بىر «جۇرجاننىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانى جۇلۇندەي» (102) مەيدانغا چىققان، بۇ «ئاناغاينىڭ ئاكىسى» (103) بولۇپ، جۇرجانلارنىڭ قالغان قوۋمىگە باشچىلىق قىلىپ شىمالىي چۆللۈكتە قاڭقىللارغا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن قاغان بولۇشى ئېھتىمال. لېكىن ئۇلار ئۆز سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مادارى يەتمىگەن، شۇنىڭ بىلەن جۇرجان خانلىقى بىر مەھەل ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان.

بۇ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى «ئاجىزلاشقانلارنى يۆلەپ، ھالاك بولغانلارنى قوبۇل قىلىش» سىياسىتىنى يولغا قويدى، بۇنىڭدىن مەقسەت—جۇرجانلارنى يۆلەپ، قاڭقىللار كۈچىنىڭ شەرققە كىرىشىنى توسۇش ئىدى.

جېڭگۇاڭنىڭ 3-يىلى (مىلادى 522)، يەنى قاڭقىللار جۇرجانلارنى تارمار قىلغان ئىككىنچى يىلى، «قاڭقىل خانى يىفۇ ۋېي ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى. ياز پەسلى 4-ئاينىڭ مەلۇم كۈنى، ۋېي سۇلالىسى يىفۇغا غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، شىخەي (چىڭخەي ئەتراپى) ۋىلايىتىنىڭ تۆرىسى، قاڭقىل خانى دېپ نام بەردى» (104). ئەمەلىيەتتە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئىتتىپاقلاشنى ئارقا تىرەك قىلغان بۇ يېڭى گۈللەنگەن ھاكىمىيەتتىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئەل بولغان جۇرجان خانلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوبۇل قىلىشۋالدى. بىر تەرەپتىن، ئاناغاينىڭ پايتەختكە كىرىشىنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭغا «شوفاڭ (شىمال تەرەپ) ۋىلايىتىنىڭ تۆرىسى، جۇرجان خانى» دېپ نام بەردى ۋە «تون-تاج، مەپە ئىنئام قىلدى، مۇھاپىزەتچى تەيىنلەپ، قېرىنداش ئەل قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى» (105)؛ يەنە بىر تەرەپتىن، براخمان قوۋمىنى لياڭجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى ئايرىپ باشقۇردى» (106). بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت قاڭقىللارنى چەكلەش ئىدى. ئەسلىدە جېڭگۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 520) 9-ئايدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئاناغاينى قوبۇل قىلىپ كېيىنكى يىلى (مىلادى 521) 1-ئايدا ئۇنى قوراللىق مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆز ئېلىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ئاپىرىپ قويماقچى بولغانىدى، بىراق شۇ چاغدا براخمان خانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى توسۇپ قويدى. 7-ئايدا، براخمانمۇ ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى، 9-ئايدا، جۇرجانلارنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانى جۇلۇندەيمۇ جۇەيشو قەلئەسىگە كېلىپ ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى، خانلىق ئىچىدە ھۆكۈمران (سەردار) يوق بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ۋېي سۇلالىسى ئاناغاينى ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. 10-ئايدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى ئاناغاينى كۈچلۈك قوراللىق مۇھاپىزەت قىلىپ، شىمالىي چۆللۈكتە قايتا ھۆكۈم سۈرۈشكە ئاپىرىپ قويدى. دېمەك، جۇرجانلارنىڭ قايتا جانلىنىشى پۈتۈنلەي شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يولغا قويغان «ئاجىزلاشقانلارنى يۆلەپ، ھالاك بولغانلارنى قوبۇل قىلىش»، قاڭقىللارنى چەكلەش سىياسىتىنىڭ تارىخىي مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاناغاي ئۆز ئېلىگە قايتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، يەنىلا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆز خەلقىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كەلدى، ۋېي سۇلالىسى

جېڭگۇاڭنىڭ 3-يىلى (مىلادى 522) ئون مىڭ دەن ئۇرۇق (ئاشلىق) قەرز بەردى. شۇ يىلى براخمان فەليان كۆتۈردى، ۋېي سۇلالىسى ئۇنى بېسىقتۇرۇپ، ئەسىرگە ئېلىپ لوياڭغا ئاپىرىپ قويدى. 4-يىلى (مىلادى 523) جۇرجانلارنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانى جولۇندەيمۇ لوياڭغا چاقىرىپ كېلىندى، شۇ يىلى ئاناغاينىڭ جۇرجان خانلىقىدىكى ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاخىرقى ھېسابتا تولۇق مۇستەھكەملەندى.

جېڭگۇاڭنىڭ 5-يىلى (مىلادى 524) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە ئالتە قەلئە توپىلىڭى يۈز بېرىپ، دۆلەت كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى، بۇ ئەھۋالدا ۋېي سۇلالىسى بۇ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئاناغاينى ياردەمگە چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى، جۇرجانلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قايتا جانلىنىۋالدى. شياۋچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 525) جۇرجان قوشۇنلىرى يەنە خەن بالىق توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىلدى، شۇنىڭ بىلەن «ئاناغاي قەبىلىسى كۈچىيىپ، ئاناغاي ئۆزىنى چىلەن تۇبىڭدۇفا قاغان دەپ ئاتاپ» (107)، خانلىق يىلنامىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ كونا رەقىبى قاڭقىللار بولسا ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خانى يىفوغا گەرچە جېڭگۇاڭنىڭ 3-يىلى (مىلادى 522) شىخەي ۋىلايىتىنىڭ تۆرىسى، قاڭقىل خانى دېگەن ناملار بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشتىن ئاخىرغىچە ئۇنۇملۇك مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتالمىغانىدى. يۈەن فەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئەسكىرى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما سەردارى يەم-پاراسەتلىك بولمىغاچقا، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرنى تىزگىنلىيەلمىگەن، تۆۋەندىكىلەر يۇقىرىدىكىلەرگە بويسۇنمىغان، پەقەت بۇلاڭچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرگەن» (108)، شۇڭا جۇرجانلار تەرىپىدىن قايتا مەغلۇب قىلىنغان. بۇ ھەقتە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قىسقىغىنە خاتىرە قالدۇرۇلۇپ: «يىفو كېيىنكى چاغلاردا جۇرجانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇب بولدى، ئۇنىڭ ئىنىسى يۆجۈي يىفونى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى تەختكە چىقتى» (109) دېيىلگەن، بۇ خاتىرىدە ۋاقىت جېڭگۇاڭنىڭ كەينىگە، تيەنپىڭنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە بولسا لياڭ سۇلالىسىنىڭ پۇتۇڭ 3-يىلى (مىلادى 522) دىكى ئىشلار قاتارىغا قوشۇمچە قىلىپ قويۇلغان. بۇ يىللارنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس. مېنىڭ ھۆكۈم قىلىشىمچە، بۇ ئىش ئاناغاينىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغانلىقى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئاناغاي يىفونى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىن، خانلىق نامىنى تىكلىگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىلگىرىلەپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرغان ھەمدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. يۇڭشىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 528) «تۇبىڭ (ئاناغاي) ۋېي پادىشاھىنىڭ يارلىقىنى باش ئېگىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلمىغان. يوللىغان مەكتۇبىدە ‹كەمىنىلىرى› دېگەن سۆزنىمۇ ئىشلەتمىگەن» (110). بۇ ھال شۇ چاغدا ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مىتروپولىيە بىلەن قارام ئەللىك مۇناسىۋەتتىن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان «رەقىب ئەل» مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. 30-يىللارغا كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پارچىلاندى، قاڭقىللار ئاجىزلاشتى، ئېفتالىتلار غەربىي يۇرتنى تالىشىشتىن چېكىنىپ چىقتى، تۈيغۇنلارنىڭ كۈچى غەربىي يۇرتقا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىمالدا تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتمىدى، ۋەزىيەت جۇرجانلارغا بارغانسېرى پايدىلىق بولۇپ ئۆزگەردى، شۇنىڭ بىلەن جۇرجانلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى شىمالىي چۆللۈك ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. تارىختا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئەسلىدە، جۇرجان قاغانى تۇبىڭ ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغان دەسلەپكى چاغلاردا ۋېي سۇلالىسىگە قائىدە-يوسۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدى، يۇڭشىن يىللىرىدىن كېيىن، شىمالدا دەۋران سۈرۈپ، بارا-بارا تەكەببۇرلاشتى. ۋېي ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ‹كەمىنىلىرى› دەپ ئاتىمايدىغان بولۇۋالدى. ۋېي سۇلالىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۇبىڭ ئۇلارنى مەنسىتمەي، چېگرىسىنى كۆپ قېتىم پاراكەندە قىلدى»

(111) . يۇڭشىنىڭ 3-يىلى (مىلادى 534) شەرقىي ۋېي ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلدى، كېيىنكى يىلى (مىلادى 535) غەربىي ۋېي ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جۇرجانلار بىلەن ياخشىلىشىشنى بەس-بەس بىلەن تالاشتى. شەرقىي ۋېي تيەنپىڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 535) «جۇرجان قاغانى تۇبىلىڭ شەرقىي ۋېي بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، ۋەزىر گاۋخۇەن چاڭشەن خانىنىڭ سىڭلىسىنى لەنلىڭ مەلىكە دېگەن نام بىلەن تۇبىڭغا بەرمەكچى بولۇپ. . . . قۇدىلىشىشقا ۋەدىلەشتى، شۇنىڭ بىلەن جۇرجانلار بېسىپ كىرىپ پاراكەندە قىلمايدىغان بولدى» (112) . ئۇنىڭ ئارقىدىنلا غەربىي ۋېيمۇ ئۇلارنى دورىدى. داتۇڭنىڭ 4-يىلى (مىلادى 538) «غەربىي ۋېي ۋەزىرى يۈۋېنتەي يېڭى پەيتەخت گۇەنجۇڭدىن بىر ئىش بىلەن شەندۇڭغا بارغانىدى. تويلىشىش ئارقىلىق ئەمىنلىك تېپىش ئۈچۈن، ئوردىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارى يۈەن لىنىڭ قىزىنى خۇاجىڭ مەلىكە دېگەن نام بىلەن تۇبىڭ قاغانىنىڭ ئىنىسى تاخەنگە بەردى. ئېيتىلىشىچە، ۋېي پادىشاھى خانىش ئىفۇنى خانىشلىقتىن قالدۇرۇپ، تۇبىڭنىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئالغان. مەلۇم بىر كۈنى ئىفۇ خانىش راھىبە بولۇپ چىقىپ كەتكەن» (113) . ئىفۇ خانىش ئەسلى تۇيغۇن قاغانىنىڭ قىزى ئىدى، غەربىي ۋېي جۇرجانلار بىلەن ياخشىلىشىش ئۈچۈن قۇدىلىقنى بىكار قىلىپ، مەلىكىنى راھىبەلىككە چىقىرىۋەتكەن، بۇنىڭدىن جۇرجانلارنىڭ كۈچى قانچىلىك زورايغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جۇرجانلار قايتا كۈچەيگەندىن كېيىن، يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربىي يۇرتنى سوراشقا باشلىدى، بۇ چاغدا قاڭقىللار ئاجىزلاشقانىدى. بۇ ھەقتە تارىخ كىتابلىرىدا ناھايىتى قىسقا قىلىپ: «تيەنپىڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۆجۈي (خان؟) جۇرجانلار تەرىپىدىن قايتا مەغلۇب قىلىندى. يىفۇنىڭ ئوغلى بىشى يۆجۈينى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى تەختكە چىقتى» (114) دەپ خاتىرىلەنگەن. يۆجۈينىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى شياۋچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 525) ، تيەنپىڭ بولسا شەرقىي ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ يىلنامى بولۇپ، مىلادى 524-يىلىدىن 536-يىلىغىچە قوللىنىلغان، يۆجۈي ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 536-يىلى ئۆلگەن. بىشى تەختكە چىققاندىن كېيىن، قاڭقىل خانلىقىنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاشقان. «شىڭخې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىشى يەنە جۇرجانلار تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى، يۆجۈينىڭ ئوغلى چۈيبىڭ جۇرجان خانلىقىدىن قېچىپ كەلدى. . . . چۈيبىڭگە قاڭقىل خانى، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، سىجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى دەپ نام بېرىلدى، شۇندىن كېيىنلا ئۇ ئۆلدى» (115)
. «شىڭخې» مۇ شەرقىي ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ يىلنامى بولۇپ، مىلادى 539-يىلىدىن 542-يىلىغىچە قوللىنىلغان. بۇ مەزگىلدە، ئاناغاي زور كۆلەمدە يۈرۈش قىلدى، قاڭقىل خانى يۆجۈينىڭ قېچىپ كېتىپ قەيەردە ئۆلگەنلىكى نامەلۇم، ئۇنىڭ ئوغلى چۈيبىڭ شەرقىي ۋېي تەرەپكە قېچىپ كېلىپ، ئاتاق-ئۇنۋانغا ئىگە بولۇپ، لوياڭ شەھىرىدە ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن قاڭقىل خانلىقىنىڭ تارىخى ئاخىرلاشتى. ئېفتالىت خانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ كۈچىمۇ ئاجىزلاشقاندەك قىلاتتى. ئاناغاي ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتنى تالىشىشتىن چېكىنىپ چىقتى، تارىخ كىتابلىرىدا ئۇنىڭغا دائىر خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، شياۋچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 525) ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى، پۇتۇڭنىڭ 7-يىلى (مىلادى 526) لياڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى، جيەنمىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 530) ۋە يۇڭشىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 532) ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى، داتۇڭنىڭ 12-يىلى (مىلادى 546) غەربىي ۋېي بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىلا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرە تېخىمۇ كەم. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ۋېي سۇلالىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېفتالىتلارنىڭ كۈچىمۇ پامىر (كۆكئارت) نىڭ غەربكە سۈرۈلۈپ كەتكەن.

ۋەھالەنكى، ئاناغاينىڭ قۇدرەت تېپىپ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى جۇرجان خانلىقى ھالاك

بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەكس ئورنىنىڭ قايتا كۆرۈنگەنلىكىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئۆچتى، خالاس. تۈركلەر بولسا، پېڭلياڭدىكى ئارىلاشما غوزلارنىڭ ئاشىنا، ئاشراۋدىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇقنى يادرو قىلغان ھالدا، تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان تېلې قەبىلىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ھاسىل بولغان يېڭى ئېتنىك گەۋدە ئىدى. جورجان خانلىقى قۇدرەت تېپىپ ئالتۇنتاغ (ئالتاي تاغلىرى) قا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشتى، تۈركلەر «ئۇنىڭ تۆمۈرچى قۇلى بولدى» (116)، تۆمۈر جابدۇق تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئولپان تۆلىدى. جورجانلار كېيىن ئۇلاردىن ئاتلىق ئەسكەر ئېلىپ قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلدى، كۈچى بارغانسېرى زورايدى. داتۇڭنىڭ 6-يىلى (مىلادى 540) زېمىنى كېڭىيىپ غەربىي ۋېينىڭ شىمالىي قىسمىغىچە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا جورجانلار شەرقىي ۋېي بىلەن ياخشىلاشقانىدى، غەربىي ۋېي ئۆزىدە يېتىملىك ۋە خەۋپسىرەش ھېس قىلغانلىقتىن، داتۇڭنىڭ 11-يىلى (مىلادى 545) ئانوپانتۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ تۈركلەر بىلەن ئالاقىلەشتى. 17-يىلى (مىلادى 551) يەنە چاڭلې مەلىكىنى تۈرك سەردارى تۇمەنگە ياتلىق قىلىپ قۇدىلاشتى ۋە ئالتۇن، يىپەك رەختلەرنى سوۋغا قىلدى، بۇنىڭدىن مەقسەت، تۈركلەرنى ئۆزىگە تارتىپ جورجانلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. «ۋېي سۇلالىسى فېيدى يىلىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 552) 1-ئايدا، تۇمەن ئەسكەر چىقىرىپ جورجانلارغا ھۇجۇم قىلدى، شىمالىي چۆللۈكتە ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇب قىلدى، ئاناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» (117). تۇمەن ئۆزىنى ئىلىك قاغان دەپ ئاتاپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ، شىمالىي چۆللۈكنى بىرلىككە كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن جورجان خانلىقى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى.

## ئىزاھلار:

---

(105) (44)(48)(57)(65)(67)(74)(75)(76)(82)(88)(91)(93)(94)(96)(97) «ۋېينامە» 103-جىلد «جورجانلار».

(45) سۇي خۇڭ: «ئون ئالتە پادىشاھلىق يىلنامىسى» 96-جىلد، قۇتقۇ ئەنجۇ.

(46)(47) «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97-جىلد، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى، پىشامشان.

(49) «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97-جىلد، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى، كىنگىت.

(50)(52)(53) «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۈرنەكلەر» 125-جىلد، سۇڭ سۇلالىسى يۈەنجيانىڭ 27-يىلى.

(51) «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97-جىلد، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى، پىشامشان.

(54) «ۋېينامە» 43-جىلد، تاڭ خېنىڭ تەرجىمىھالى.

(55) «ۋېينامە» 102-جىلد، قاڭقىل ئىرونىڭ تەرجىمىھالى.

(56) «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۈرنەكلەر» 129-جىلد، دامىڭنىڭ 4-يىلى.

(58)(59) «ۋېينامە» 102-جىلد، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى، ئۇدۇن.

(60)(61) «ۋېينامە» 5-جىلد، گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر.

(62) «ئالىي راھىبلار تەرجىمىھالى» 14-جىلد، شاكرادارما.

(63)(72)(80)(84)(86) «ۋېينامە» 101-جىلد، قۇجۇ تەزكىرىسى.

(64) «جەنۇبىي چىنامە» 59-جىلد، جورجانلار.

(68) قاملاشمىغان ئەسىرىم: «تۈرك تارىخى» 70-بەتكە قاراڭ، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992-يىل نەشرى.

(69) «كىتابلار جەۋھىرى» 97-جىلد، پادىشاھ-خانلار قىسمى.

(70) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 137-جىلد، چى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ يۇڭمىڭ 8-يىلى.

(71) فېڭ چېڭجۈن: «قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە قوش، پىشامشان ئەللىرى كىشىلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى»، «غەربىي يۇرت-نەنخەي تارىخ-جۇغراپىيىسى توغرىسىدىكى ئىسپاتلاش» 36—38-بەتلەر.

(73) خۇسەن: «يېڭىدىن تېپىلغان قۇجۇ خانى كەن شۇگۇي ۋە كۇجيانىڭ يىلنامى ھەققىدىكى مۇلاھىزە»، «قۇجۇ، كروران ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى» 85—90-بەتلەر.

(77) دۇمن‌ليەنچىن: «دىڭلىڭ، قاڭقىل ۋە تېلىلار» 237—238-بەتلەر.

(78)(85)(87) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 147-جىلد، لياڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ تيەنجيەن 7-يىلى.

(79) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 144-جىلد، چى سۇلالىسى پادىشاھى مىڭدىنىڭ يەنۋۇ 4-يىلى.

(81) خۇسەن: «قۇجۇ، كروران ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى» 90-بەت.

(83)(95)(115)(114)(109) «ۋېينامە» 103-جىلد، قاڭقىللار.

(89) «كىتابلار جەۋھىرى» 968-جىلد، قارام ئەللەر، ئوردىغا سوۋغا-سالام يوللاش، 1-بەت.

(90)(108) «ۋېينامە» 69-جىلد، يۈەن فەننىڭ تەرجىمىھالى.

(92) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 148-جىلد، تيەنلەننىڭ 16-يىلى.

(96)(99) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 149-جىلد، لياڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ تۇنجى يىلى.

(100)(101)(106) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 149-جىلد، لياڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ 2-يىلى.

(102) «كىتابلار جەۋھىرى» 977-جىلد، قارام ئەللەر، تەسلىم بولۇپ بەيئەت قىلىش.

(104) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 149-جىلد، پۇتۇڭ 3-يىلى.

(107) يۇقىرىقى كىتاب 150-جىلد، پۇتۇڭ 6-يىلى.

(110) يۇقىرىقى كىتاب 152-جىلد، داتۇڭ 2-يىلى.

(111)(113) يۇقىرىقى كىتاب 158-جىلد، داتۇڭ 4-يىلى.

(112) يۇقىرىقى كىتاب 157-جىلد، داتۇڭ تۇنجى يىلى.

(116) قاملاشمىغان ئىسرىم: «تۈرك تارىخى» 39_85-بەتلەر.

(117) «جۇنامە» 50-جىلد، تۈركلەر.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىل 3-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۇسۇپ

# ئامانىساخاننىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا

ئابدۇقادىر داۋۇت

ئامانىساخاننىڭ يۇرتى توغرىلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ساھەسىدە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت.

تەتقىقاتچىلار ئامانىساخان مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسى قۇمۇچ مەھەللە كەنتىدىن دېيىشمەكتە. بۇ قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر:

(1) «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىكى «سۇلتان ئۆز ۋەزىر، ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختتىن يەكەندىن ئاتلىنىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەرەك ماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ئاددى كىيىملەرنى كىيىپ قونۇچى، مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم-سىتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۇ كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرەمى بىلەن بۇ خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئامانىساخان بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى.»

مەلۇم بولدىكى: بۇنىڭدا تارىم، تەرەك ماكان، مەھمۇت ئوتۇنچى ۋە ئەكرەم ئاتلىق ئابدۇرەشىتخاننىڭ مەھرەمى يېزىلغان، بىراق ئامانىساخاننىڭ يۇرتى توغرىلىق شەپىمۇ بېرىلمىگەن. يۇقىرىقى ئىسىملار بويىچىلا ئامانىساخان مەسىلىسىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى سەۋەب: مەكىت ناھىيىسىدىكى خانكۆل ۋە خانناماز دېگەن يۇرت ئىسىملىرى، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ئوۋ قىلىشقا كەلگەندە قويۇلغان ھەم ئامانىساخان ياشىغان جاي «خانىمكۆل» دەپ ئاتالدى دېيىلدى.

بۇ توغرىدا مۇنداق ئىزاھ بېرىمىز: مەكىت ناھىيىسىدە خانكۆل (ھازىرقى بىر كەنت، بىر سۇ ئامبىرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ)، خانناماز (ھازىر بىر كەنت شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ) دېيىلىدىغان جايلار بار. بۇ ھەقتە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، خانكۆلگە «بۇندىن تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى بىر ئەمەلدار بۇ يەردىكى زەيكۆل بويىدا بىرمەزگىل تۇرغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دەپ، خانناماز توغرىسىدا «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خان خوجا ئىسىملىك بىر باي (خان خوجا ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھيانىڭ ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىدى. شۇ بولۇشى مۇمكىن - ئا) بۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن①.

تارىخىي كىتابلاردا: 1638-يىلى ئابدۇللاخان تۇرپاندىن يەكەنگە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ خانكۆلگە كېلىپ قونۇپ ئۆتكەن②. خانناماز ئابدۇللاخان ياكى خان خوجىنىڭ ناماز ئوقۇپ ئۆتكەن جايى دېيىلگەن، چۈنكى خانناماز ۋە خانكۆل بۇرۇنقى مارالبېشى يولىنىڭ جەنۇبىي تارىمقى ئۈستىدە ئىدى (ھازىرمۇ شۇنداق). «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى)نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگۈچى كىشى ئامانىساخاننى نەزەردە تۇتۇپ

«خانكۆل» نى «خانىمكۆل» دەپ يازغاچقا، ئۇ، تەتقىقاتچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى سەۋەب: 1934-يىلى مەكىت ناھىيىسىدىكى بىر قۇملۇقتىكى توغراق تۈۋىدىن ئەر كىشىنىڭ قەدىمكى يازلىق چاپان، كۆڭلىكى، مىس پۇل، ئوقيا، ئوقدان.... قاتارلىقلارنىڭ تېپىلغانلىقى، «ئۇ ئەرسەلەر سۇلتان ئابدۇرشىتخاننىڭ» دەپ ماتېرىياللاردا ئېلان قىلىنىشى تەتقىقاتچىلارنىڭ يەنە بىر قېتىم يېڭىلىك بىلەن پىكىر قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

تېپىلغان ئۇ ئەرسىلەردە ئۆزگىچە بەلگە، ئىسىملار يوق بولۇپ، ھاللىقراق تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى ھەر قانداق كىشى ئىشلەتسە بولۇۋېرىدىغان ئەرسىلەر ئىدى. نىزامىدىن ھۈسەيىننىڭ «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچىرىكلىرى» ناملىق ماقالىسىدىكى «سەئىدنامە» ناملىق كىتابتىن نەقىل كەلتۈرگەن «شاھ تاتارلىق چوكان سىكىلەك خاتۇن ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ رەشىد ئەزىم بىلەن ....»③ دېگەن جۈملىدىن ئامانىساخاننىڭ سەمرادىكى يۇرتىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

تاتار-تارىم دەرياسى (دەريانىڭ يەكەنگە تەۋە قىسمى) نىڭ جەنۇبىي قۇملۇق (تەرك ماكان قۇملۇقى) نىڭ غەربىنىڭ شىمالىي بۇرجىكى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى تۆۋەنكى بەشكەنت (ھازىرقى بەشكەن بازىرى) نىڭ غەربىي يۇقىرىقى بەشكەنت (ھازىرقى ئېكەچى بازىرى)، تاتار (ھازىرقى قاراسۇ يېزىسى)قاتارلىق جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، بۇ يۇرتتا يۇقىرىقى تاتار، تۆۋەنكى تاتار، تاتارساك، قاتارلىق تاتار ئىسمىغا مەنىداش مەھەللىلەر بار.

شاھ تاتار (شاخ تاتار) بىر كەنتنىڭ نامى. شۇ يۇرتتىكىلەر بۇ يەرنى شاھلىق دەپ ئاتىشىدۇ. قوشنا يۇرت، مەھەللىلەردىكى كىشىلەر «شاخ تاتار» دېيىشىدۇ. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جاڭگىلئەسكى يېزا قارادۆڭ كەنتى بىلەن يەكەن ناھىيىسىنىڭ قارا سۇ يېزىسى شاپتۇللۇق كەنتى تۇتاشقان جايدىكى ئىسمى يوقالغان شاخ تاتار مەھەللىسى ئامانىسانىڭ سەمرادىكى يۇرتىدۇر.

شاخ تاتار مەھەللىسى قاغىلىق ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى چېگرىسىغا جايلاشقان.

شاخ تاتارنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇق سازلىق ۋە توغراقلىقلاردا توشقان. ئۆدەك، كىيىك، تۈلكە، قىرغاۋۇل، ياۋاتوخگوز، كەكلىك، ياۋاغاز، ئۇقا، تورنا، بېلىق ئالغۇچ قاتارلىق ھايۋان ۋە قۇشلار بار، مەھەللىنىڭ شىمالىدا تىزناپ دەرياسى قىش، ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ.

شاھ تاتار (شاخ تاتار) مەھەللىسىنى ئامانىساخاننىڭ سەمرادىكى يۇرتى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب:

1. نىزامىدىن ھۈسەيىن «سەئىدنامە» دىن نەقىل كەلتۈرگەن شاھ تاتار مەن ئوتتۇرىغا قويغان جايدۇر. ھازىرقى شاپتۇللۇقتا يېشاپ ئۆتكەن ئابدۇللا نىسىر (يېقىندا ئۆلۈپ كەتتى)، تۇرسۇن تۇردى ساقلىغان 1919-يىلى يېزىلغان بىر ھۆججەتتە «شاخ تاتار كەنتىدىن» دەپ يېزىلغان، مەلۇم بولدىكى شاخ تاتار يەكەن ناھىيىسىدىكى شاپتۇللۇق بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ قارادۆڭ كەنتى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي كەنت.

2. شاپتۇللۇق كەنتى بىلەن شاخ تاتار كەنتى تۇتاشقان جايدا $300m^2$ لىق بىر مەيدان بار، مەيدانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىرەك بەش تۈپ غوۋزىمەك قاپاق تېرەك بار (بۇ تېرەكلەر بۇرۇنقى تېرەكنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلىگەن) تېرەكنىڭ شىمال تەرىپىدە 7 مېتىر يىراقلىقتا ئاق يانتاق بىلەن چۇمكەلگەن ياغاچ رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان بەش مېتىر دائىرىدىكى 0.50 مېتىر ئېگىزلىكتە توپا دۆۋىسى بار. بۇ دۆۋىلۈك شېھىتلىك دېيىلىدۇ. بۇرۇنىسىدا تېرەك يۇملاق سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سۇپىدا 70 يىل ئىلگىرى ھەر يىلى ھىجرىيىنىڭ ھوشۇر (مۇھەررەم) ئېيىدا (ھىجرىيە يىلىنىڭ 1-ئېيى، يىل بېشى) خوتەن، قارىقاش، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى.... قاتارلىق جايلاردىن ئەر-ئايال مەشھۇر سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلار سازلىرىنى ئېلىپ كېلىشىپ ئۆگەنگەن، ئىجاد قىلغان سەنئەت نومۇرلىرىنى بىر ئاي كۆرەك قىلىشقانىكەن. بۇ پائالىيەت ھەر يىلى ھوشۇر ئېيىدىلا ئېلىپ بېرىلغان.

دېمەك، بۇ سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ قەرەرلىك، دائىم ئېلىپ بېرىلىشىدىن قارىغاندا، كۆرەكنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش دەۋرىدە، ھەممە يۇرت سەنئەتكارلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان كامالەتكە يەتكەن سەنئەتكارلار بۇ يۇرتتا تۇرغان، مەشھۇر سەنئەتكار يۈسۈپ قېدىرخان ئوردىدىن كۆڭلى قېلىپ (ئېھتىمال سۇلتان سەئىدخان

1525-يىللىرى سوفى بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلار بولۇشى ياكى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان پادىشاھ بولغان ۋاقىتتىكى كۆڭۈلسىز ۋاقىتلار بولۇشى مۇمكىن) سوفىزمچىلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن يىراق (پادىشاھ ئىنئام قىلىپ بەرگەن زېمىن تاتاردا ئىدى) ئۆز قوۋمى ئورۇنلاشقان شاخ تاتارغا چىقىپ ئورۇنلاشقان، ئۇنى شاگىرتلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ئىزدەپ كېلىپ بۇ جاينى ناخشا-مۇقام ئوچىقىغا ئايلاندۇرغان.

ئامانىسساخاننىڭ يۇرتى، ئامانىسساخاننىڭ ئىسمىنى بىلگىنىمىزدىن باشلاپلا ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى ھەم تەتقىقاتچىلارنىڭ قىزىقىدىغان تېمىسىغا ئايلاندى. «شاھ تاتار» نىڭ پايتەختى يەكەندىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ زاماندىكى پادىشاھلارنىڭ قەيەرگە ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى تارىخ كىتابلىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. «سۇلتان ئەخمەتخان بەش كۈنلۈك ئوۋ قىلىش ئۈچۈن تاتارىستانغا بارغان ئىدىلەر، نەزەر مىرزا شەھەردە قالغانىدى. مىرزا ئابابەكرى سەھرادا بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ كېچىسى ئىستا شەھەرگە كىردى. نەزەر مىرزىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. تاڭ ئاتتى، بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلاندى.» بۇ سۆزلەردىكى «تاڭ ئاتتى. بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلاندى» دېگەن جۈملە يەكەن شەھىرى بىلەن تاتارىستاننىڭ ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«خانى شەھىدىنىڭ شىكارغا بىسيار مەيلىلارى بار ئىدى. ئۇتۇنچىلىقنىڭ ئاياقىدا بار چۇقتا شاھ نەزەر مىراپ، باقى قابالى مىراپ شۇندا قونۇپ ئىدىلەر».

يەكەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چارباغ يېزىسى (بۇرۇن ئۇتانچىلىق دېيىلەتتى) نىڭ تەۋەسىدە بارچۇق (بالچىق-پاتقاقلىق) دېيىدىغان ئوۋ قىلىشقا ئەپلىك جاي بولۇپ، بۇ جايدا بالچۇق ئۆستەڭ دېگەن بىر ئېقىننىڭ بارلىقىنى، يەنە بىر تەرىپى يەكەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ملچاڭدىن باشلاپ دەرياغا تۇتاشقىچە توغراقلىق ئىكەنلىكىنى پېشقەدەملەر بىلىشىدۇ (بۇ جايدىكى بارچۇق-مارالبېشى ئەمەس، ئەلۋەتتە).

يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىش مۇمكىنكى، يەكەن خانلىقى ۋاقتىدا يەكەن شەھىرىدىكى پادىشاھ ئەمەلدارلار ئوۋغا چىقسا تاتارغا (يەكەن شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 26 كىلومېتىر) ياكى بارچۇق (يەكەن شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 9.5 كىلومېتىر) قاتارلىق جايلارغا چىقاتتى.

تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، مۇقامشۇناس شائىرە ئامانىسساخاننىڭ يۇرتى قاراتۇڭ كەنتى بىلەن شاپتۇللۇق كەنتى ئوتتۇرىسىدىكى نامى ئۇنتۇلغان «شاخ تاتار» كەنتىدۇر، دەپ قاراش پاكىتقا ئۇيغۇن، ئىلمىي يەكۈندۇر.

## ئىزاھلار:

---

① «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 360-367-بەتلەر.
② مىرزا مەھمۇد جۇرراس: «تارىخى رەشىدى» (زىمىلى)، كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.
③ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1988-يىلى 4-سان.
④ ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسىدىن.
⑤ « چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 128-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا خەمىت

# خەن-تاڭ دەۋرلىرىدىكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئەھمەد سۇلايمان

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى تارىختا ھازىرقى كۇچار ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا بۇگۇر، شايار، توقسۇ، باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ناھىيە-شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە مىلادىدىن بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «لياڭنامە»، «جۇنامە»، «سۇينامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «كونا تاڭنامە» ۋە «راھىبلار تەرجىمىھالى»، «راھىبلار تەرجىمىھالىنىڭ داۋامى»، «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىبلار تەرجىمىھالى» قاتارلىق خەنزۇچە ئەسەرلەردە تۈرلۈك خەتلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «كۇسەن ـ كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى»① دېيىلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە ئالىملار خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان «چيۇسى»، «جۇيسى»، «جۇجى»، «كۇشيەن»، «كۇچا» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يەرلىك مىللەتلەر تىلىدىكى «كۇسەن»، «كۇچا» دېگەن ناملارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت دەپ قارىماقتا.

كۇسەن بەگلىكى ھەققىدىكى مەلۇمات تۇنجى بولۇپ «خەننامە» دە ئۇچرايدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «غەربىي يۇرتتا ئەسلى 36 بەگلىك بار ئىدى، كېيىن بۆلۈنۈپ 50 نەچچىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ غەربىگە، ئاسيۇلارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى. . . كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يان شەھىرى، بۇ يەر بىلەن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى 7480 چاقىرىم. ئاھالىسى 6970 تۈتۈن، 81 مىڭ 317 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 21 مىڭ 76 نەپەر. . . جەنۇبى نىيە، شەرقىي جەنۇبى چەرچەن، غەربىي جەنۇبى ئۇزۇن تېتىر، شىمالى ئاسيۇ، غەربى ئاقسۇ بىلەن تۇتىشىدۇ»② دېيىلگەن. كېيىنكى «جىننامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېينامە»، «جۇنامە»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىق تارىخ، ساياھەتنامە ۋە تەزكىرىلەردە كۇسەن بەگلىكى ھەققىدە ئازدۇر-كۆپتۇر مەلۇمات بېرىلگەن. بىراق ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەنزۇچە يازما ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن تەتقىقاتچىلار قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى سىياسىي مەركەز شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى مەسىلىسىدە تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شۇڭا، نۆۋەتتە قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىي شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ھەققىدە «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

دە: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يان شەھىرى» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېينامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئوخشاشلا «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يان شەھىرى» دېيىلگەن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «قانۇنلار قامۇسى» دېگەن ئەسەردىلا «كۇسەن بەگلىكى پادىشاھى يان شەھىرىدە تۇراتتى، ھازىر يىلولۇ شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن، بىراق «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» دېگەن ئەسەردە «كۇسەن دەرياسىنىڭ ئىككى مەنبەسى بار، غەربىي دەريانىڭ مەنبەسى شىمالدىكى چوڭ تاغنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىدۇ. . . بۇ دەريا جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قىزىل قۇمتاغدىن ئۆتىدۇ، تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، بۇ سول تەرەپ تارمىقىدۇر. شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان دەريا سۇيى يەنە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى دەريا ئۇدۇل شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، شىمالىي دەرياغا قويۇلىدۇ. شەرقىي دەريا كۇسەنىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن چىقىپ، قىزىل قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، يەنە بىر تارماق دەريا ئوڭ تەرەپتىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، كۇسەن شەھىرىگە، يەنى بۇرۇنقى يان شەھىرىگە كىرىدۇ»③ دېيىلگەن. بۇ، بىزنىڭ قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى شەھىرى بولغان يان شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ-بېكىتىپ چىقىشىمىزنى ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يېقىنقى دەۋرلەردىكى كۇچا رايونىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندىمۇ، كۇچادا ئىككى چوڭ دەريا بولۇپ، غەرب تەرەپتىكىسى مۇزات دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خانتەڭرى تېغىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قىزىل مىڭئۆيگە كەلگەندە قىزىل دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ، قىزىل دەرياسى كۇچانىڭ شىمالىدىكى چوڭ تاغدىن باشلىنىدۇ. جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قىزىلنىڭ غەربىدە مۇزات دەرياسىغا قويۇلىدۇ، چۆلتاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ قۇمتۇراغا كەلگەندە ئۆگەن دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، سۇيى ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ. بىر تارمىقى سول تەرەپتىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، كۇچا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، ئۆگەن دەرياسىغا قويۇلىدۇ. ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئۆزىمۇ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭ بىر تارمىقى جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، شايارنىڭ غەربىدە تارىم دەرياسىغا قويۇلىدۇ، ئۆزى شەرققە قاراپ ئېقىپ، شايار ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن شەرققە قاراپ ئېقىپ، بوگۇر سازلىقلىرىغا قويۇلىدۇ. دېمەك «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» دا تەسۋىرلەنگەن غەربىي دەريا ھازىرقى مۇزات دەرياسى (يەنى ئۆگەن دەرياسى) نى كۆرسىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شەرقتىكىسى كۇچا دەرياسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى كۇچانىڭ شىمالىدىكى چوڭ تاغدىن باشلىنىدۇ. جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، چۆلتاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، سۇبېشىغا كەلگەندە ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. بىر تارمىقى سۇبېشى دەرياسى بولۇپ، شەرقىي تەرەپتە، يەنە بىرسى ئوچا دەرياسى بولۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىدىن كۇچا شەھىرىگە ئېقىپ كىرىپ، جەنۇبتا چىن دەرياسىغا قويۇلىدۇ. چىن دەرياسى ئوچا دەرياسىنىڭ غەربىدىن كۇچا بازىرىغا ئېقىپ كىرىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ئوچا دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئوچا دەرياسى ئېھتىمال قەدىمىي دەريا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قەدىمىي خارابە-ئىزلار كۆپ ساقلانغان، بۇنى «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» دىكى مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، «شەرقىي دەريا» دېيىلگەن دەريانىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى سۇبېشى دەرياسى بولۇپ، ئوچا دەرياسى بولسا شەرقىي دەريانىڭ ئوڭ تەرەپتىكى بىر تارمىقى ئىدى. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» دا ئېيتىلغان كۇسەن شەھىرىگە يەنى يان شەھىرىگە كىرىدىغان دەريا ئېقىنىمۇ دەل مۇشۇ ئوچا دەرياسى ئىدى④. دېمەك بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى كۇسەن شەھىرى (يەنى يان شەھىرى) مۇشۇ ئوچا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. گەرچە سۇبېشى دەرياسى ھازىر قۇرۇق دەريا بولسىمۇ، بىراق سۇبېشى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ ھازىرقى كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر

كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن، قەدىمدە سۇبېشى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بولغان ئوچا دەرياسى سۇ مىقدارىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس.

1958-يىلى خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈش-قېزىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندىمۇ، خەن-تاڭ دەۋرىدىكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان يان شەھىرىنىڭ كۇچا دەرياسى بويىغا جايلاشقانلىقى ئىسپاتلاندى⑤. تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، كۇچادىكى يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەر ئارىلىقىغا جايلاشقان پىلاڭ كەنتىگە بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى جايلاشقان بولۇپ، مازاپتان قەدىمىي شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەر خارابىسى كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تۆت چاسا كەلگەن، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2075 مېتىر، شەرقىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1608 مېتىر، جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1809 مېتىر، شەھەر خارابىسىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوچا دەرياسى كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا قەدىمىي توپا دۆۋىلىرى ۋە خارابە-ئىزلار بولۇپ، بۇ توپا دۆۋىلىرى ۋە خارابە-ئىزلارنىڭ ھەممىسى ئوچا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە خاڭداپ سېلىنغان قورۇلۇش ئىزلىرى بار. شەرقىي سېپىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە يەنى ئوچا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا پىلاڭ تۇرا، قارا دۆڭ ۋە قارادۆڭنىڭ غەربىگە ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ساقساق تۇرا بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارادۆڭ خارابىسى بىر قەدەر چوڭراق، بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان قېزىش جەريانىدا ھەر خىل ساپال بۇيۇملار، ھەر خىل تاش قوراللار، ھەر خىل سۆڭەك بۇيۇملار ۋە ئاز مىقداردا مىس، تۆمۈر قوراللار تېپىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ خارابىلىقتىن خەن سۇلالىسىنىڭ «بەش جۇلۇق يارمىقى»، تاڭ سۇلالىسىنىڭ «دالى يۈەنباۋ»، «جيەنجۇڭ تۇڭباۋ» يارماق پۇللىرى، شۇنىڭدەك ساپاللارغا سىياھ بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت قاتارلىقلار تېپىلدى.

تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 8000-7000 يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە قەدىمكى كۇسەنلىكلەر ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ ئوچا دەرياسىنىڭ بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغانلىقىدىن ھەم ئوچا دەرياسىنىڭ سۇبېشى دەرياسىنىڭ (يەنى كۇچا دەرياسىنىڭ) بىر تارمىقى ئىكەنلىكىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ يازما تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن خەن-تاڭ دەۋرلىرىدىكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان يان شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «جۇ نامە» بىلەن «سۈينامە»دە «كۇسەن بەگلىكى مەركىزىي شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى (دائىرىسى) 6-5 چاقىرىم كېلەتتى»⑥ دېيىلگەن. شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى»دە «كۇسەن بەگلىكى مەركىزىي شەھىرىنىڭ دائىرىسى 18-17 چاقىرىم كېلەتتى»⑦ دېيىلگەن بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان پىلاڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ دائىرىسى يەتتە كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇنى بىز خەن-تاڭ دەۋرلىرىدىكى چاقىرىم مۇساپىسىنىڭ ھازىرقى مۇساپىدىن كىچىك بولىدىغانلىقىغا، يەنى «ھازىرقى بىر كىلومېتىر، خەن-تاڭ دەۋرلىرىدىكى 2.558 چاقىرىمغا تەڭ» دېگەن⑧ ھېسابلاش ئۇسۇلىغا ئاساسەن سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاپ چىقساق، كۇسەن بەگلىكى مەركىزىي شەھىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دائىرىسى بىلەن ھازىر ساقلىنىپ قالغان خارابە دائىرىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بۇ شەھەر خارابىسىدىكى شىمالىي سېپىل شەرقىي سېپىلدىن بۇرۇن ياسالغان، شەرقىي سېپىلمۇ ئەسلىدىكى سېپىلنىڭ ئورنىغا قايتا ياسالغان. باشقا

ئۇرغۇنلىغان خارابە ئىزلارمۇ ئەسلىدىكى خارابىسى ئاساسىدا قايتا كېڭەيتىلىپ ياسالغان. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى يان شەھىرى مىلادىدىن بۇرۇنلا بىنا قىلىنغان شەھەر بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن، يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن سۇي سۇلالىسى دەۋرىگىچە دائىرىسى كىچىكرەك، ئۇنىڭ نوپۇسى ئازراق بولغان مەركىزىي شەھەر ئىكەنلىكى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە دائىرىسى كېڭىيىپ، نوپۇسىنىڭ كۆپەيگەنلىكى، سودا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ دائىرىسىمۇ ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كېڭەيگەنلىكى، غەربىي يۇرتتىكى چوڭ مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقى ئېنىق.

بەزى ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغان كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى خەن-تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۈگۈنكى كۇچادا ئىدى، ۋېي، جىن، سۇي سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۈگۈنكى شايارغا كۆچۈرۈلگەن دېگەن قاراش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان يان شەھىرى ۋە كېيىنكى يىلولۇ شەھىرى دەپ ئاتالغان يېڭى يان شەھىرى خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەردە ئىزچىل ھالدا بۈگۈنكى كۇچادىكى پىلاڭ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە بولغان، بەزى يولداشلار ئېيتقان يانتاق قەدىمكى شەھىرى ئېھتىمال كۇسەن بەگلىكىنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرى ئىچىدىكى بىر چوڭ شەھەر، يەنى تارىم دەرياسى بويىدىكى يەنە بىر چوڭ شەھىرى بولۇشى مۇمكىن.

## ئىزاھلار:

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 526-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
② «خەننامە» 96-جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I » 848-، 917-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
③ «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» 1-جىلد 11-12-بەت. ئەدەبىيات قەدىمكى ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1955-يىل نەشرى.
⑮④ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» 226-، 227-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى.
⑤ خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ئەسەرنىڭ 4-بابى «كۇچا رايونى»غا قارالسۇن. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى.
⑥ «جۇنامە» 50-جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى» 917-بەت.
⑦ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى»، 19-بەت، شەنشى خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى.
⑧ جۇلىيەنكۇن: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى توغرىسىدا تارىخ-جۇغراپىيە تەتقىقات ماقالىلىرى» 102-بەت. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1984-يىل نەشرى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# نورۇزنىڭ تارىختىكى ئىزلىرى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرى

ماھمۇد زەيدى

نورۇزنى بايرام قىلىش (3-ئاينىڭ 20—22-كۈنلىرىنى) قەدىمكى زامانلاردىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان شەرق خەلقلىرىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىسىدۇر. نورۇزنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە تۈرلۈك رىۋايەتلەر بار.

يازما تارىخىي مىراسلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، نورۇزنى بايرام قىلىش ئادەتلىرى قەدىمكى ئىرانلىقلاردا، ئەھمەنىلەر دەۋرىدىن (مىلادىدىن ئىلگىرى 558—330-يىللار) باشلاپ ئادەتكە ئايلانغان.

نورۇز ھەققىدە ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇمات ۋە ئىلمىي يەكۈنلەر شەرق ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇرەيھان بېرۇنىي (973—1048) نىڭ «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار»، «قانۇنىي مەسئۇدىي» ۋە «ئەتتەفھىم» ناملىق ئەسەرلىرىدە، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆمەرھەييامنىڭ (1054—1131) نەۋرۇز مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئىران ئۆلىمالىرى نورۇز كۈنىنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبىنى جەمشىدكە باغلايدۇ. مۇھىمى جەمشىد پادىشاھلىق كۈنلىرىدە مەجۇسىيلەر دىنىنى يېڭىلىغان ۋە بۇ يېڭىلىق بولغان كۈننى «نەۋرۇز» — «يېڭى كۈن» دەپ ئاتىغان، دەيدۇ. بېرۇنىي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ:

«جەمشىد ئۆزىگە بىر ھارۋا ياسىغان ۋە ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ئاسماندا ئۇچقان. شۇكۈنى دۇنباۋەند تېغىدىن ئۆتۈپ بابىلغا بىرىپ چۈشكەن.» ئۇنى دىۋە-پەرىلەر ئۇچۇرغانمىش. كىشىلەر بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈننى ھېيت دەپ سانىغان، كىشىلەر جەمشىدنىڭ ھارۋىسىدىن ئىلھاملىنىپ ئىلەڭگۈچلەر بىلەن ئۇچۇشقان. بۇ رىۋايەت ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ (934—1025) «شاھنامە» داستانىدىمۇ قەيت قىلىنغان.

ئۆمەر ھەيياممۇ «نەۋرۇزنامە» دېگەن ئەسىرىدە نورۇزنىڭ خاتىرىلىنىشىدىكى رىۋايەتلەرنى پادىشاھ جەمشىد زامانىغا باغلاپ، شاھ كيومارسىنىڭ ھەمەل ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈننى يىل بېشى ھېسابلاش ھەققىدىكى پەرمانىنى ئەسلىتىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، رىۋايەتلەردىن ئىككى تۈرلۈك خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: 1) نورۇزغا ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ كۆپى پادىشاھ جەمشىد بىلەن باغلانغان. 2) بۇ رىۋايەتلەردە نورۇز كۈننى بەلگىلەشلەردە ئاسترونومىيىلىك پرىنسىپلارغا ئاساسلانغان.

نورۇز بايرىمى قانچە كۈن بولۇپ كەلگەن؟ بۇ ھەقتە بېرۇنىي يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەسەرلىرىدە، ئىرانلىقلارنىڭ 1-ئايى — «پەرۋەردىن» نىڭ بىرىنچى كۈنى ھورمۇز ئاتالغانلىقىنى ھەم ئۇ پادىشاھ نورۇزى، يەنى يېڭى يىل ئىكەنلىكىنى، ھەمدە شۇ ئاينىڭ 6-كۈنى كاتتا بايرام بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

نورۇزنىڭ ئۇنداق پاكى مۇنداق ناملار بىلەن ئاتىلىشىنى بايان قىلساق، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس سەۋەبلىرى بولغان. مەسىلەن، جەمشىد زامانىدا — جەمشىد نەۋرۇزى (پادىشاھ نورۇزى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، نوشورۋان (ھۆكۈمرانلىق يىللىرى 531_579) بوۋىسى فىرۇز دەۋرىدە-فىرۇز نورۇزى، دەپ ئاتالغان، سۇلتان جالالىدىن مەلىك شاھ سەلجۇقى (ھۆكۈمرانلىق يىللىرى 1029_1072) ۋاقتىدا بولسا، «نەۋرۇزى سۇلتانى» دەپ ئاتالغان. نورۇزنىڭ زادى قانچە كۈن بايرام قىلىنىشىنى ئالىملار مۇنداق كۆرسەتكەن: قەدىمكى زامانلاردىلا نورۇز تەنتەنىسى بىر ھەپتە داۋاملاشقان. 1-كۈنى، پادىشاھ ئۆزى نورۇزنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە پۇقرالىرىنى قوبۇل قىلىشنى ھەمدە ئۇلارغا شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 2-كۈنى، مەرتىۋىسى يۇقىرى كىشىلەر، ساراي خادىملىرىنى قوبۇل قىلغان. 3-كۈنى، ئاتلىق سىپاھلار ۋە دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلغان. 4-كۈنى بولسا، ئۆز جەمەتلىرى ھەم يېقىنلىرىنى ئالاھىدە ئادەملەرنى قوبۇل قىلغان. 5-كۈنى، پەرزەنتلىرىنى، ئۆز تەۋەسىدىكى كىشىلەرنى قوبۇل قىلغان.

نورۇزنى تەنتەنىلىك بايرام قىلىش تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەر بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. بۇددا ۋە كاتولىك دىنىدىكىلەرمۇ نورۇزنى خاتىرىلەپ كەلگەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەر نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەككەن ۋە بۇنى (بۇ قانداق ھادىسە) دەپ سورىغان. بۇ نورۇز، دەپ جاۋاب قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نورۇز نېمە؟ دەپ سورىغان: جاۋابىتا: «ئىرانلىقلارنىڭ ئۇلۇغ ھېيتى. . . .» ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەر: «كاشكى، بىزدىمۇ ھەر كۈنى نورۇز بولسا ئىكەن. . . .» دەپ ئېيتقان. دېمەك، ئەرەبىستاندا ئىلگىرى نورۇزنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشمىگەن. ئۆلىمالارنىڭ يېزىشلىرىچە، نورۇز ئەنئەنىسىنى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت قويماسلىق سىياسىتى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا بولغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن نورۇز بارغانچە ئومۇملىشىپ بارغان، خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. نورۇزدىكى كۆپ ئۇدۇملار ئىنسان تۇرمۇشىدىكى كۈندىلىك ئېھتىياجلار بىلەن زىچ باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىيانلىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەم نورۇز ئەنئەنىسى يوقالمىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەتىيازلىقى دېھقانچىلىق تەييارلىقى، تەبىئەتنىڭ نورمال بولماسلىقى تۈپەيلىدىن يامغۇر تىلەش قاتارلىق شەكىللەرگە ئىسلام ئەقىدىسى سىڭىپ بارغان. ئومۇمەن، نورۇز-يېڭى كۈن بىلەن تەنتەنە قىلىش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى كۆپلىگەن مەملىكەت خەلقلىرىدە ياۋروپادا، سلاۋيانلار، روسىيىنىڭ ئۇزاق دالىلىرىدىن باشلاپ، ۋولگا بويلىرىدىكى بىر مۇنچە خەلقلەر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، تاتار، تۈركمەن، ئەزەربەيجانلىقلار، يەتتىسۇ ئېتراپىدىكى قازاقلار، قىرغىز، تاجىكلار، ئۇزاق شەرقتە ياپونلارغىچە باھاردا بايرام قىلىش بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان. يۇقىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تەنتەنىسىدە تۈرلۈك كۆلكىلىك ئويۇنلار، پائالىيەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز تەنتەنىسىدىكى پائالىيەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسى خۇي لىن «مۇزىكا تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە، XI ئەسىردە مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ھەم ناۋايى، لۇتفى . . . . قاتارلىقلارمۇ نوزۇر توغرىسىدا كۆپلەپ لىرىك ھەم ئېپىك شېئىرلارنى يازغان.

ئۆز دىۋانىدا ئاسترونومىيە، 12 مۆچەل ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرى، كىلىپ چىقىشى، باھار مەۋسۇمى توغرىسىدا توختاپ نورۇز دېگەن بۇ سۆزنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان مەھمۇد قەشقەرى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا: «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ خان مەدھىيىسى» ماۋزۇلۇق قەسىدە يازغان.

خوي لىن «مۇزىكا تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىدا، غەربىي يۇرتنىڭ نورۇز تەنتەنىسىنى تونۇشتۇرۇپ «ئارغىماق ئويۇنى»، «يولۋاس ئويۇنى»، «قىش بوۋاي ئويۇنى» قاتارلىق كىرىملىق ئويۇنلار ئوينىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. چاڭئەن شەھىرىدە «نورۇز» ناملىق مەيخانىلارمۇ بولغان. ئۇزۇم سېۋىتىنى تۇتۇپ، يىراقتىكى يۇرتنى سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئويۇن نومۇرلىرى ئوينالغان. ئەلشىر ناۋائىيمۇ ئۆزىنىڭ «چاھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىدە مۇقام ئىسىملىكلىرى قاتارىدا «نورۇز مۇقامى»نى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا ئاجايىپ بىر خىل گۈزەللىكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىسكەندەرنىڭ تويىنىڭ نورۇز كۈنلىرى بولغانلىقىنى يازغان.

ھايات ۋە سەنئەتتە نورۇز بىلەن باغلىق بولغان ئەنئەنىلەر ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇنداق سەنئەت گۈزەللىكى كۆڭۈلگە زوق بەرمەكتە. ئەلشىر ناۋائىي يەنە بىر غەزىلىدە نورۇزدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭلەشكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە تايىنىپ گۈزەل بىر خىل ئوخشىتىش بىلەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە يىل بېشىدا تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئىسىملىرىنى قەدىمدىنلا نورۇز، نورۇزگۈل دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى بولۇپ كەلگەن.

كلاسسىك شېئىرىيەتتە لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نورۇز» داستانىدىمۇ فەررۇھ شاھنىڭ ئوغلى شۇ كۈنى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئىسمى نورۇز قويۇلغانلىقى سۆزلەنگەن.

يېڭى يىلنىڭ باشىندا روزى نەۋروز،
سەدەبدەن چىقتى بىر دۇررى شەباق روز.
سىۋىنگەندەن ئاتاسى گەنجىن ئاچتى،
ئۇلۇغ تويلار قىلىپ، ئىشرەتلەر ئەتتى.
ياراتقان بىرلە كۆپ نىيەتلەر ئەتتى،
... چۈن نەۋروز بولدى، نەۋروز ئىچرە فىيروز.
ئاتىدى ئوغلىنىڭ ئاتىنى نەۋروز... دەيدۇ.

بۇ ئەنئەنىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرىمىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە شۇنداق بىر جەزىبىلىك مىسرالارمۇ باركى، بۇنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم:

ئۇلۇستا مۇستەھىقلەرنى قىلىپ شاد.
ھەمۇل دەم بەندىلەرنى قىلدى ئازاد. («گۈل ۋە نورۇز» دىن) يەنى، شاھ ئەل ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى تەقدىرلەپ، بەندىلەرنىڭ-مەھبۇسلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. شاھنىڭ بۇ خىل ئىلتىپاتى پەقەت ئوغۇل كۆرۈپ خۇشاللانغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قەدىمكى زامانلاردىلا شەرقتە، نورۇز كۈنى مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىش ئەنئەنىسى بولغانلىقىدىندۇر.

نورۇزدىكى بۇ ھالەتنى فۇزۇلىمۇ چىرايلىق ئىبارە، ئوخشىتىشلار بىلەن بېرىدۇ.
ۋەسلىدۇر فەسلى باھار ئولماق بارابەر روزۇ شەب.

بۇ مىسرالاردا ۋىسال چاغلىرىنىڭ باھار مەۋسۇمىگە ئوخشىغانلىقى ئاجايىپ نازۇكلۇق بىلەن ئىپادىلەنگەن.

نورۇز تەنتەنىسى دائىم دېھقانچىلىق، ھۈنەر-سەنئەت ۋە ھەر قايسى كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بولۇپ كەلگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ سەيلى-ساياھەتلىرىدە ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرى ياسىغان ئاجايىپ ئەسۋابلىرىنى، ئاشپەزلەر ئۆزلىرى پىشۇرغان شىرىن تائاملىرىنى، پالۋان ھەم

چەۋەندازلار كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىغان. قىز-چوكانلار نورۇزغا ئاتاپ مەخسۇس كىيىملەر، كەشتە ۋە ياغلىقلارنى، ھەر خىل دوپپىلارنى تىكىشكەن. ئۇلارنى گۈل نەقىشلىرى بىلەن بېزەپ نورۇز دېگەن خەت شەكلىنى كۆرسەتكەن. بۇ ھاللار چەۋەر ھەم بەرنا قىز-چوكانلارنىڭ ھۆسنىگە-ھۆسىن ئاتا قىلىغان. سەيلىلەردە قىزىقچى ھەم دارۋازلار، سۆز ئۇستىلىرى، چاقچاقچى، ھەزىلكەشلەر ئاممىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىغان.

شائىرلار مۇشائىرىلەردە ئاجايىپ ياخشى شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشقان، تەبىئەت باغرىدا يارۇ-دوستلار، قېرىنداش ھەمكەسپلەر بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن سەيلە تاماشالار ئەخلاقىي، ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئىدىيۋىي ئېكولوگىك تەربىيەگە ــ تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئاسراش رولىغا ئىگە دېيىش مۇمكىن.

ھاپىز شىرازىنىڭ:

كانار ئابۇ پايى بىدۇ تەبىئى شىرۋيارى خوش،
مۇئاشىر دىلبەرى شىرىنىمۇ ساقى گۈلئۇزارى خوش.

تەرجىمىسى:

تال ئاستى سۇ بويىدا شېئىر ئىلە ئالدىڭدا يار بولسۇن،
ھەم ئۇلپەت دىلبەرى شىرىنىمۇ يارى گۈلئۇزار بولسۇن.

ياكى مۇقىمىنىڭ:

نەۋ باھار ئاچىلدى گۈللەر، سەبزە بولدى باغلەر،
سۆھبەت ئەيلەيلىك كېلىڭلار، جۆرەلەر، ئورتاغىلەر. دېگەنگە ئوخشاش بېيىتلار بىلەن باشلىنىدىغان سادا، نەپىس ئاھاڭدار غەزەللەرمۇ، نورۇز كۈنلىرى گۈزەل تەبىئەت قوچىقىدا شېرىن لەزەتلەنگۈچى دوستلار يىغىلىشىدا شائىرلار قەلبىنىڭ سوزۇك دولقۇنلىرىدىن فونتانلىغان نەزمىلەردۇر.

نورۇز ھەققىدە چەت ئەللەردىمۇ يازما مەلۇماتلار ساقلانغان. مەسىلەن، شەرقشۇناس ئا. ۋ. گابائىن خانىم: «قاراقوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە ۋە 1971-يىلى ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان «ئوكيانۇس» دىمۇ بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتلار بەرگەن: پارس تىلىدىكى «شەمسۇل لۇغەت» ناملىق ئەسەردىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نورۇز ھەققىدە توختىلىپ: «نورۇزنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئەلنەغمە، قالۇن چېلىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ» غانلىقى بايان قىلىنغان.

ئومۇمەن، نورۇز بايرىمىنى ئەسىرلەردىن بۇيان نورغۇنلىغان خەلق ۋە مىللەتلەر تەنتەنىلىك بايرام قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

## پايدىلانغان ئەسەرلەر:

1. «نورۇزى ئالەم بۇگۇن» ماقالىلەر توپلىمى (ئۆزبېكچە) تاشكەنت، 89-يىل.
2. «شىنجاڭنىڭ تالڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» ئا. مەمتىمىن، 1980-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
3. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە ئىزدىنىش»، 1980-يىل، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى چىقارغان ژۇرنال.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا خەمىت

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھايۋانات ئىملىقلىرى ھەققىدە

غەيرەت ئابدۇراخمان

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆز دەۋرىنىڭ تىل ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىل ۋە ھەر خىل ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زورھەجىملىك قامۇس بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي خەزىنىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئەسەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىسىگە، تارىخىغا، ئېتنوگرافىيىسىگە، داستان ۋە رىۋايەت-ئەپسانىلىرىگە ئائىت ئىنتايىن قىممەتلىك بىلىملەر بايان قىلىنغان. شۇنداقلا، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى، تۇرالغۇ جايى، ئەمگەك ۋە جەڭ قوراللىرى، ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا دائىر ناھايىتى مول ماتېرىياللار تىلغا ئېلىنغان. ئۇندىن باشقا «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەيمىز) دا يەنە ھايۋانات (ھەر خىل ھايۋان، جان-جانىۋار، قۇش-پەرەندە) لارغا دائىر ماتېرىياللارمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، ھەر خىل ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قاناتلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىرقىسىم خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. «دىۋان» دا يەنە باللار تىلى، تەقلىد سۆزلەر ۋە ئىملىقلارغا ئائىت سۆزلەملەرمۇ ئۇچرايدۇ.

تۆۋەندە بىز «دىۋان» دا بېرىلگەن ھايۋاناتلارغا دائىر ئىملىقلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىملىق سۆز دېگىنىمىز، ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەردۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى مەنىسىگە قاراپ، ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى، جاۋاب ئىملىقلىرى، بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان ھايۋانات ئىملىقلىرى ھايۋانلارنى چاقىرىش ياكى ئۇلارنى مېڭىشقا ۋە ياكى باشقا ھەرىكەتلەرگە ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلغاچقا، ئۇلارنى بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى تۈرىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئەمدى «دىۋان» دىكى ھايۋاناتلارغا دائىر ئىملىقلارنى كۆرۈپ باقايلى:

ھەچ ھەچ① I .422-6 تىك-تىك ئات بېشىنى تۇتقۇزماي شاشلىق قىلغاندا ياۋاشلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

ھەچ ھەچ I .411-3 چۇھ-چۇھ. ئاتلارنى ئىتتىكلىتىش ۋە غەيرەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

ھەچ ھەچ I .411-1 چەك-چەك. ئۆچكىنى ھەيدەشتە قوللىنىدىغان ئىملىق سۆز.

كەھ-كەھ II .162-10 كاھ-كاھ، ماھ-ماھ. ئىتنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

قۇرى قۇرى II .308-9 قۇرى-قۇرى. تايچاق ئانىسىدىن كېيىن قالغاندا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

چىك چىك 435ـ17 . I چىك-چىك. ئوغلاقنى قىچقارغاندا ياكى ھەيدىگەندە ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

چىلىك چىلىك 505ـ1 . I چىك-چىك. ئۆچكىنى قىچقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

چۆك چۆك 435ـ15 . I چۆك-چۆك. تۆگىنى چۆكتۈرۈشتە ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

چوھ چوھ 162ـ8 . II چوھ-چوھ. ئاتنى ماڭدۇرۇش ۋە ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.

تاھ تاھ 162ـ5 . II تاھ-تاھ. لاچىن ئۇچۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.

تۇكۇ تۇكۇ 317ـ4 . II كۇچ-كۇچ. كۈچۈكنى چاقىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.

تۇشۇ تۇشۇ 310ـ2 . II چۇشۇ-چۇشۇ. ئىشەكنى توختىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.

ئۇش ئۇش 52ـ3 . I ھۇش-ھۇش. ئۆكۈزنى سۇ ئىچىشكە ئۈندەيدىغان سۆز.

زاق زاق 434ـ17 . I زاق-زاق. قوچقارلارنى ئۇسۇشۇشقا ئۈندىگەندە ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئەسلى ئىملىق سۆزلەر ۋە ياسالما ياكى كۆچمە ئىملىق سۆزلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەسلى ئىملىق سۆزلەر مەخسۇس تاۋۇشلار ئارقىلىق گەۋدىلىنىدىغان ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر گۇرۇپپا تاۋۇشتىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: «ۋاي، پا، چوھ» دېگەنگە ئوخشاش؛ بەزىلىرى ئوخشاش بىر گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: «ۋاي-ۋاي، تۇ-تۇ-تۇ، پىش-پىش» دېگەنگە ئوخشاش؛ يەنە بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ جۈپلىشىشىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: «ۋاي-ۋۇي، ئاھ-ئۇھ، داد-پەرياد» دېگەنگە ئوخشاش.

يۇقىرىدىكى ھايۋانات ئىملىقلىرىدىن بىز «دىۋان» دىكى ھايۋانات ئىملىقلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش بىر گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل ئىزچىللىق بۇزۇلۇپ، بىر گۇرۇپپا تاۋۇشتىنلا تۈزۈلىدىغان ھايۋانات ئىملىقلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: «تاغ-توخۇنى قوغلاش؛ قىغ-ئېشەكنى مېڭىشقا ئۈندەش؛ پەش-مۈشۈكنى قوغلاش» قاتارلىق.

«دىۋان» دا ئۇچرايدىغان ھايۋانات ئىملىقلىرىدىن بىز ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك قويۇقلۇقىنىلا بىلىپ قالماي، بەلكى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆز ئارا داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىنىمۇ بىلەلەيمىز. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىز ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىپ، قولغا كۆندۈرۈپلا قالماي، يەنە يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلارنىڭمۇ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلىگەن. شۇڭا يىرتقۇچ ھايۋاناتلارنىڭ ناملىرىنى باتۇرلۇق، مەردانىلىك ۋە شىجائەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئادەم ئىسمى قىلىپ قوللانغان. مەسىلەن: ئارسلان-ئارسلان، شىر، بۆكە-بۆكە، ئەجدەرھا، يالماۋۇز؛ بۇغرا-بۇغرا، بۇغا، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ ئەركىكى؛ بۇقا-بۇقا؛ بۇرسلان-قاپلان دېگەندەك.

گەرچە، ئاپتور «دىۋان» دا 200 دىن ئارتۇق ھايۋان، جان-جانىۋار، قۇرت-ھاشارەت ۋە قۇش-پەرەندىلەرنىڭ نامىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھايۋاناتلارغا دائىر ئون نەچچە خىللا ئىملىقنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، ئاپتور كىشىلەرگە ئەڭ يېقىن بولغان، تۇرمۇشتا داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان ئۆي ھايۋانلىرىنى قىچقىرىش ياكى ماڭغۇزۇشقا دائىر ئىملىقلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، بەزى بىر قىسىم ئۆي ھايۋانلىرىنى بىرەر ئىشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان ئىملىقلارنى ۋەكىل خاراكتېرلىك قىلىپ كۆرسىتىشنىلا ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

«دىۋان» دىكى ھايۋانلارغا دائىر ئىملىقلارنىڭ ئاز بولۇشى ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ ئۇنى بىلمىگەنلىكى ياكى شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋاناتلارغا دائىر مۇناسىپ ئىملىقلارنى قوللىنالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاپتور «دىۋان» سەھىپىسىنى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «دىۋان» مەخسۇس بىرەر كەسىپكە بېغىشلانغان لۇغەت بولماستىن، XI ئەسىردىكى پۈتكۈل شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنسىكلوپېدىك قامۇس بولغاچقا، بىرەر مەخسۇس كەسىپنىڭ ئاتالغۇلىرىنى چەكلىك بولغان «دىۋان» سەھىپىسىدە تولۇق، تەپسىلىي شەرھىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇندىن باشقا «دىۋان» دا ئىملىقلار تىلغا ئېلىنمىغان ئۆي ھايۋانلىرىغا ئائىت سۆزلەم، ماقال-تەمسىل ۋە شېئىر-قوشاقلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئۆلدەچى سىچقان مۈش تاشاقى قاشىر-(چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ) 570_17. I ؛ يازىداقى سۆۋلىن ئەزمىرگەلى ئەۋدەكى تاقاغۇ ئىچغىنمىل-(قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ، ئۆيدىكى توخۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما) 583_3. I دېگەنگە ئوخشاش يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىل ۋە بېيىتتىكى مىسالدىنلا بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ «توخۇ، مۈشۈك» قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن قانچىلىك چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۆي ھايۋانلىرىنى قانداق چاقىرىش، قانداق ھەيدىۋېتىشكە دائىر ئىملىقلارنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆزى توغرىلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ: «.... مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ (تۈركىي خەلقلەرنىڭ) شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.»②

مەھمۇد قەشقەرى ئەدەبىي تىلدىن باشقا، ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شىۋە لېكسىكىلىرىنىمۇ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان، ھەم ئەمەلىي تەكشۈرگەن. ئۇ ئۆز تىلىنىڭ ئەڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولغىنىدىن تاشقىرى، ئەرەب-پارس تىللىرىنىمۇ خۇددى ئۆز ئانا تىلىدەك پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، رەتلەپ بولۇپ، ئۇنى باغدادتا يېزىپ تاماملاپ، كىتاب قىلىپ تۈپلىگەن. كىتابنى قايسى خىل ئۇسۇلدا يېزىش ئۈستىدىمۇ كۆپ باش قاتۇرغان. شۇڭا «دىۋان» دا بېرىلگەن ھايۋاناتلارغا دائىر ئىملىقلارنىڭ ئاز بولۇشى ھەرگىزمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلغا گادايلىقى ياكى ئاپتورنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. ھالبۇكى، ھايۋاناتلارغا دائىر قوللىنىمىزدىكى مۇشۇ ئىملىقلارمۇ ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋاناتلار ھەققىدىكى بىلىملىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بىر دەلىلى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دۆلەت دىنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلىپ، ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان شەھەر مەدەنىيىتىگە كۆچتى. لېكىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى خېلىلا چوڭقۇر بولغان. ئوۋچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرىپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تىل بىلىمىمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. «دىۋان» دا بېرىلگەن ئوۋچىلىق ھەققىدىكى قوشاقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

مەسىلەن

ئىتىم تۇتۇپ قوزى چالدى،
ئانىڭ تۈسىن قىرا يۈلىد.
باشىن ئالىپ قوزى سالدى،
بوغۇز ئالىپ تۈگەل بوغدى.

(ئىتىم تۇتۇپ تۆۋەن چالدى، ئۇنىڭ تۈكلىرىنى راسا يۇلدى، بېشىدىن ئېلىپ تۆۋەنگە قايرىدى، بوغۇزىدىن ئېلىپ تازا بوغدى) 11_31، I

تۇسۇن مۇنۇپ سەكىرتسۇن،
ئەسىزلىكىن ئامۇرتسۇن.
ئىتقا كەيىك قايتارتسۇن،
تۈتمىش سانى ئۇمنالىم.

(تۇسۇن مىنىپ سەكرەتسۇن، ئاساۋلىقىنى تىنجىتسۇن، ئىتاق ئوۋنى قايتارتسۇن، تۇتۇلدى دەپ ئۇمۇنايلى) 7_583. I

---

بۇ شېئىر-قوشاقلاردىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، ئەجدادلىرىمىز لاچىن، بۈركۈت، قارچىغا... قاتارلىق يىرتقۇچ ياۋايى قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈپ ۋە تايغان، باراق (تۈكلىرى پاخپايغان ئوۋ ئىتى)... قاتارلىق ئوۋئىتلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئوۋچىلىق قىلغان. بۇ خىل ھايۋانلار قولغا كۆنگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇلارغا مەلۇم تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان چاقىرىش، ئۈچۈرۈش ياكى بىرەر ئىشقا ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىبلىق سۆزلەرنى ئۆگىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى باشقۇرغان. مەسىلەن: «تاھ تاھ 5_162. I تاھ-تاھ. لاچىن ئۈچۈرۈلغاندىن كېيىن چاقىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.»

بۇ خىل يىرتقۇچ ئوۋ قۇشلىرى گەرچە باشقا ھايۋان ياكى ئۇچار قاناتلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز-كۆز قىلالىغىنى بىلەن، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىنسانلارغا بويسۇنۇپ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا ناخشا-ئۇسسۇل، بەزمە-باراۋەت ۋە مەدەنىيەت-تەنتەربىيە قاتارلىق ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن. «قوچقار سوقۇشتۇرۇش» ئەنە شۇ خىل ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى. «دىۋان» دا بېرىلگەن ئىملىقلاردىن شۇنىڭغا دائىر بىر مەلۇماتنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: زاق زاق 17_434. I زاق-زاق، جاق-جاق. قوچقارلارنى ئۇسۇشۇشكە ئۈندىگەندە ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.» بۇ مەنبەدىن بىز قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئويۇنىنىڭ خېلى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە قوچقارلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بىر-بىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

«دىۋان» دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھايۋانلارغا دائىر بەزىبىر تەقلىد سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «قاق قوق 13_179. I غاق-غوق. غازنىڭ ئاۋاز تەقلىدى مە مە 5_295. I ئوغلاق ۋە قوزىلارنىڭ مەرىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

بۇلارمۇ بىزنىڭ ھايۋاناتلارنى ۋە قەدىمكى تىلىمىزنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر مىللەتنىڭ تەرجىمىھالى ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋر بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. دەرەخ يىلتىزلىرىدىن ئوزۇقلانغاندەك، بىر مىللەتمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ مىراس-مەنىۋىيەتلىرىدىن

ئوزۇقلىنىدۇ. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە بۇ قامۇستىكى مەزمۇنلار پەقەت قەدىمكى تىل ئالىملىرى بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئاددىيلا سىلىشتۇرمىسى ئەمەس، ئۆز تىل بايلىقىمىزنىڭ مەنبەسى، ھازىرقى زامان تىلىمىزنىڭ بۆشۈكى ياكى ئانىسى. چۈنكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان بەزى سۆزلەر ھەتتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (يەنى مەڭگۇ تاش تىلى) دىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىنكا جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ «خاقانىيە تىلى» ئارقىلىق «ئورخۇن تىلى» غا باغلىنىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

«دىۋان» دىكى بەزىبىر ھايۋانات ئىملىقلىرى گەرچە ھازىر بەزىبىر فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىلىرى ھازىرقى تىلىمىزدىمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. «دىۋان» بىزنىڭ ئەينى دەۋردىن قالغان بىردىنبىر ئېنسىكلوپېدىك ئەسرىمىز. ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ھازىرقىغا تەدبىقلاش بىز ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى. «دىۋان» تەتقىقاتى مەملىكىتىمىزدە، بولۇپمۇ شىنجاڭدا تېخى تولۇق قولغا ئېلىنمىدى. شۇڭا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىلىم سۇپىتىدە جاھان سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش زىممىمىزدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە.

ئىزاھلار:

---

① بۇ سۆزلەرنى بېرىشتە «دىۋان» دىكى ئوقۇلۇشىنى، توم، بەت، قۇر نومۇرلىرىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بەردۇق. ئۇنى «دىۋان» ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ كۆرسەتتۇق.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 3-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» I، II، III توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. «تارىمدىن تامچە» ئىمىن تۇرسۇن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (مورفولوگىيە)» خەمىت تۆمۈر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلارا خەمىت

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى توغرىسىدا

ئىمىنجان ئەخمىدى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى-ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان تارىخىي مۇساپىسىغا قارىتىلغان. مەزكۇر تارىخىي مۇساپە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئون نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن كلاسسىك ئەدەبىيات ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە ئۇنى دەۋر ئېقىمى، تەلىپى ۋە تەقەززاسىغا ماس ھالدا، تېما، مەزمۇن جەھەتتە بېيىش-يېڭىلىنىشقا، دەۋر يۈكسەكلىكىگە ئىگە قىلىپ، يېڭى بىر ئەدەبىيات تارىخى دەۋرىنى ئاچقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخى ئۆز نۆۋىتىدە، شۇ دەۋر ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن زور ئىجتىمائىي-تارىخىي ھادىسە-جەريانلار ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا بىرلىككە كەلگەن مۇھىم ۋە خاراكتېرلىك ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە باغلىق بولغان ئۆزىنىڭ بەلگىلىك تارىخىي باسقۇچلىرىغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي مۇساپىسىدا ئەنە شۇ زور ئىجتىمائىي-تارىخىي ھادىسە-جەريانلارغا باغلىق ھالدا، شەكىللىنىش (دەسلەپكى) ۋە راۋاجلىنىش (ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى) باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش (دەسلەپكى) باسقۇچى، ئومۇمىي جەھەتتىن، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 1930-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلنى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچ ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور ۋەقە بولغان شىنخەي ئىنقىلابى (1911-يىل) دىن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان يېڭى مەدەنىيەت-ئاقارتىش ھەرىكىتى (1934-يىلدىن باشلاپ) گىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەلۇمكى، ھەر بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرى، ئالدى بىلەن، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي-تارىخىي ھادىسىلەرگە باغلىق ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىدېئولوگىيە ئالاھىدىلىكلىرى، ئەدەبىياتنىڭ ئەنە شۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۇسۇل ئالاھىدىلىكى (مېتودولوگىيە ۋە تېماتىك ئالاھىدىلىك) ھەم ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قورالى بولغان تىل ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت بىر قانچە تەرەپنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي-تارىخىي ھادىسىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزمنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تەنقىدىي رېئالىزم ئۇسۇلىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ خىل مۇھىم ئالاھىدىلىك ھەمدە بارغانسېرى روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىغان دېموكراتىك ئىدىيىلەر، ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى خەلق تىلىغا يېقىن قىلىش جەھەتتىكى ئۈنۈملۈك تىرىشچانلىقلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەللەرگە چىقىپ، ئۇ يەرلەردە يېڭى ئىدىيىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭ

تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، يېڭى پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت-مائارىپ نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار يېڭى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ زامانىۋى تەرەققىيات بىلەن پەن-مائارىپنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى، يېڭى مائارىپنىڭ مىللەتنى قۇتقۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يېتىپ، بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئۇيغۇر جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور بۇرۇلۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ماركسىزم-لېنىنىزم ھەقىقىتىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى. ھەر مىللەت خەلقىگە ئەكسىيەتچى مۇستەبىتلىكنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئېرىشىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھەقىقىتىنى خەلققە تونۇتۇشتا، شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇش، سودا قىلىش ۋە ئىشلەش ئۈچۈن بارغانلارنىڭ رولى زور بولدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى شىنجاڭغا ماركسىزم-لېنىنىزم، ئىنقىلاب ھەقىقىتىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن، سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئېلىپ كىردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئىدىيىلىرى ۋە ئىلغار سوۋېت ئەدەبىياتى تەسىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا كېڭىيىپ بېرىشى-ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى بولۇپ قالدى.

قىسقىسى، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئامىللار، بولۇپمۇ ئېلىمىز تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدا غايەت زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى بىر ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئىدېئولوگىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يېڭى بىر دەۋرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن مۇھىم سىياسىي-ئىجتىمائىي ئاساس سېلىپ بەردى. ھەر بىر يېڭى تارىخىي دەۋردە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە، شۇنداقلا، مىللىي ئاڭ فورمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ يېڭى تارىخىي دەۋرىدە شەكىللەنگەن مىللىي ئاڭ فورمىسى-مىللەتنىڭ پەخرى بولغان ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە، قاتمۇ-قات سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم ئاستىدا قالغان، جاھالەت ۋە غەپلەتتە ئۇخلاپ ياتقان مىللەتنى كۆرگەنلىكىدە، مىللىي ئويغىنىشنى چاقىرىق قىلىش ئارقىلىق مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، مىللىي ئاڭ پەيدا قىلىشقا تىرىشقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش (دەسلەپكى) باسقۇچىدا يۇقىرىقىدەك مىللىي ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋرنىڭ ئۆزىگە قويغان تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاساستا، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن يېڭى قان ۋە پايدىلىق ئوزۇقلارنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئون نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تىل، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭىلىق ئېلىپ كىردى. بۇ يېڭىلىق ئالتە ئەسىر مابەينىدە داۋاملىشىپ، پەقەت يېزىق ئەدەبىي تىلى بولۇپ كەلگەن «چاغاتاي تىلى»نى يېڭىلاپ، جانلىق تىلغا يېقىن بولغان يېڭى ئەدەبىي تىلنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەمەلىي تىرىشچانلىقلاردا، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى، ئوبيېكتى، بەدىئىي پىكىر جەھەتتە بۆسۈشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدە، ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ زور يېڭىلىنىشلارغا ئىگە بولۇپ، ھازىرقى زامان شېئىرىيەت شەكلىنىڭ، ئويغىنىش، دېموكراتىك تەلەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن يېڭىچە، ھازىر جاۋاب سىياسىي لىرىكىلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 1930-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدىكى يېڭى

مەرىپەتپەرۋەرلىك، يېڭى مەدەنىيەت-ئاقارتىش ئېقىمى داۋامىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەتبەئەچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق تارىخىدا ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن گېزىتلەر ئۆز سەھىپىلىرىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرگىمۇ مۇناسىپ ئورۇن بېرىپ تۇردى. شۇنداقلا، بۇ گېزىت مەتبەئەلىرى ۋە شەخسلەر قۇرغان باشقا مەتبەئە ئورۇنلىرىدا بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر ئايرىم ياكى توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، XI X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن X X ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مەرىپەتچىلىك، ئىسلاھات-يېڭىلاش، يېڭى مەدەنىيەت-مائارىپ ئېقىمى فېئودال مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق-چەكلەش سىياسىتى، جاھىل، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئاممىۋىي خاراكتېرلىك دولقۇن ھاسىل قىلالمىغان، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ھالەت ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بىر مەشئەل، ماياك سۈپىتىدە دەۋرنىڭ ئۆزگىچە قويغان تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىچە خاس تەرەققىيات يولى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولالمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر قىسىم ئەدىبلەر ئىجادىيىتىدىكى كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ تېما، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتىكى كۆپ خىل ۋە رەڭدارلىقىنى گەۋدىلەندۈردى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش (دەسلەپكى) باسقۇچىدا، ئىمىن مىرزا ئىبىن مۇھەممەد توختى (1857_1917)، توختى ئاخۇن (1861_1951)، ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (1862_ 1924)، تۇراخۇن توختى (1863_1936)، سابىت ھاجى (1864_1937)، يۈسۈپ غەرىبى (1864_1940)، ھاپىز ھاجى (1867_1948)، ئىسمايىل ھاجى (1867_1950)، ئارۇپ قاسىمى (1873_1936)، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876_1937)، دانىش ھەنىفى (1889_1970)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901_1933)، ئەھمەدى (1907_1941)، ئابدۇللا سادىق (1896_1962)، قاتارلىق ئەدىبلەر مەيدانغا چىققان، بۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى، ئالايلۇق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، دانىش ھەنىفى، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلارنىڭ ئىش ئىزلىرى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ژۇرناللاردا جۈملىدىن -«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندە پەقەت ئىمىن مىرزا ئىبىن مۇھەممەد توختى، يۈسۈپ غەرىبى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىق ئەدىبلەرنىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئىمىن مىرزا ئىبىن مۇھەممەد توختى: (1857_1917) مەزكۇر شائىر ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەر يېقىنقى يىللاردا ئۇنىڭ «دۇمبۇل سوپى» ناملىق ساتىرىك ئەسىرىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئاخىرىدىن كۆچۈرۈلگەن 9 پارچە غەزەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قولىيازما ئەسەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن باشلاندى. شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات سابىت دابىت، غولام ئەبەيدۇللا تەرىپىدىن «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىندى.

مەلۇم بولۇشىچە، شائىر ئىمىن مىرزا يەكەن ناھىيىسى چارەك يېزا قاراجەش كەنتىدىن بولۇپ، مىرزىلىق ۋە تەسەۋۋۇپ پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ «دۇمبۇل سوپى» («دۇمبۇل» -يەرلىك تىلدا «خام، پىشمىغان» مەنىسىدە) ناملىق ئەسىرى نەسرىي بايانلاردىن باشقا 6 پارچە غەزەل، 3 پارچە مۇخەممەستىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر ساتىرىك ئەسىرىدە شائىر ئۇستازى باھاۋۇدىن خەلپەمنىڭ بىر دەۋاگەرگە قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇنى لەنەت قامچىسى بىلەن

ساۋىغان.

2. يۈسۈپ غەربىي: (1864–1940) شائىر يۈسۈپ (تەيجى) ئىبنى جۇبەيد ئىبلى پەتەنۇش غەربىي قۇمۇل نامىيىسىنىڭ «شەرىچى» (شەھەر ئىچى) يېزىسىدا، سۇنغان بىر بەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلى ياقا يۇرتلاردا غېرىبلىق، مۇساپىرلىق ئىلكىدە ئۆتكەن. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىم-ئىقتىدارى بىلەن تونۇلغان ھەمدە 49 يېشىدا ۋاڭ ئوردىسىدا تەيجى بولغان. يۈسۈپ غەربىي 1937-يىلى ھەج سەپىرىگە چىقىپ نۇرغۇن دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇرپان قاراغوجا كارىزدا تۇرۇپ قالغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ئوغلى مەۋۇپ بەگنى سېغىنىپ «ۋاھ دەرىغ»، «كېرەك» قاتارلىق غەزەللەرنى ۋە باشقا بىر مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ، جاھالەتلىك تۈزۈمگە نارازىلىقىنى، زاماندىن بىزار بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. شائىر ئوغلىنىڭ ھىجران قايغۇسى بىلەن 1940-يىلىنىڭ سېنتەبىر ئېيىدا قاراغوجا كارىزدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.
شائىر يۈسۈپ غەربىي ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. يولداش ئابدۇرەقىپ تۆمۈر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىزدىنىپ، شائىرنىڭ ئون پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىنى تېپىپ چىقتى ۋە بۇ شېئىرلارنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلدى.

3. قۇتلۇق ھاجى شەۋقى: (1876–1937) شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قەشقەر شەھىرىدە ئابدۇرەھىمبەگ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى بىلىمنى قەشقەردە ئالغاندىن كېيىن، قاھىرەدىكى «ئەزھەر» داشۆسىدە، تۈركىيىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاۋۋال بىر مەزگىل بۇخارادا، كېيىن قەشقەردە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10- ۋە 20-يىللىرىدىكى ئىسلاھات-يېڭىلاش ئېقىمىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئابدۇقادىر داموللا بىلەن بىرلىكتە كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ تونۇلغان، مەتبەئەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، 1918-يىلى قەشقەردە «ئاڭ» گېزىتىنى نەشر قىلغان ۋە بىر قانچە ئەدەبىيات توپلاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ ئۆزى نەشر قىلغان ۋە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن گېزىتلەردە (قۇتلۇق شەۋقى 1933-، 1934-يىللىرى يەنە «ئەركىن ھايات» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنى نەشر قىلغان) خەلقنى ئويغىتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئېلان قىلغان، تارىخ بىلىملىرىنى تونۇشتۇرغان. شائىر قۇتلۇق ھاجى «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر قاتار جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى مەرىپەتچىلىك، يېڭىلاش-ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى جەڭچىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان، ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى 1920-يىللاردا نەشر قىلىنغان شېئىر توپلاملىرىدىن ئورۇن ئالغاندى. 1980-يىللاردا شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى خەلققە تونۇشتۇرۇلدى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى جامائەتچىلىك بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتى.

شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1937-يىلى قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 10-ئايدا تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسى ئەدەبىياتتىن باشقا تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. ئۇنىڭ «ۋاقىئاتى كاشغەر» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلارا خەمىت

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ پەرقى

دىلدار مۇھەممەتئىمىن

رەۋىش ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالاھىدە بىر خىل سۆز تۈركۈمى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىياتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، يالغۇز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنىلا ئەمەس، بەلكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرەققىياتى، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى ۋە گراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

رەۋىش ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى، خاراكتېرىنى، دەرىجىسىنى يەنى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنى، ۋاقتى، ھالىتى، مەقسىتى، قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

بىز مىلادى VI ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردىكى ئەسەرلەردىن ئورخۇن-يېنسەي يېزىقىدىكى «تونيۇقۇق ئابىدىسى» (مىلادى 716-712)، «بىلگە خاقان ئابىدىسى» (مىلادىيە 755-)، «كۈلتېگىن ئابىدىسى» (مىلادىيە 732-)، «مويۇنچۇر ئابىدىسى» (مىلادى 759-) قاتارلىق ئابىدىلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە»، «چاشتانى ئىلىكبەگ ھېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايتىرى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلار»، «نېستورىئان دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ پارچىسى»، «تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقلار»، «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرىغان رەۋىشلەرنى بىر قانچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشىنى كۆرۈۋالالايمىز.. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان رەۋىشلەر تۆۋەندىكىدەك: ئامتى (ئەمدى)، ئۆترۇ (كېيىن)، ئەرتىنگۈ (ناھايىتى)، بۈكۈن (بۈگۈن)، كۈندۈز (كۈندۈز)، تاڭ ئەرتە (كۈندۈز، سەھەر)، بىلتىر (بۇلتۇر)، يازىن (ياز)، كىچە (كېچە)، بۇرۇن (بۇرۇن)، ئۈركەنت (ئۇزاق، دائىم)، ئۆدۈن (چاغ، ۋاقىت)، كۈن كۈنىگە (ھەر كۈنى، كۈندە)

، يوغارۇ (يۇقىرى)، تاشقارۇ (سىرت)، ئالتىن (تۆۋەن ئاستى)، بەرۇ (بېرى، بېقىنراق)، ئۇستۇ (ئۇستى)، ئىنارۇ (يىراق)، ئىچرە (ئىچى)، تاشرا (سىرت)، ئوڭتۇن (ئولڭ تەرەپ)، تەركىن (تېز)، سورت-ئوق (تويۇقسىز)، تۇرقارۇ (داۋاملىق)، ئەدگۇتى (ياخشى)، تۇكەتى (پۈتۈنلەي) قاتارلىق بۇ رەۋىشلەر ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بەزىلىرى چۈشۈپ قالغان، بەزىلىرىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان، بەزىلىرى تۈركىي تىللاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان، يەنە بەزىلىرى بولسا تا ھازىرغىچە تىلىمىزدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر ئۆز قۇرۇلمىسىغا قاراپ تۈپ رەۋىش ۋە ياسالما رەۋىش دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تۈپ رەۋىشلەر: تۈپ رەۋىشلەر دېگىنىمىز بىرلا مورفېمىدىن قۇرۇلغان ياكى مۇئەييەن گراماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن قاتما رەۋىشلەردۇر.

مەسىلەن: ئايى، يىگ، بۇرۇن، ئۇركىت-ئۇركەنچ.

ياسالما رەۋىشلەر: بۇنداق رەۋىشلەر بىردىن ئارتۇق مورفېمىلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان رەۋىشلەر. ياسالما رەۋىشلەر قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۆترۈ (كېيىنت) ← ئۆت+رۇ،

ئۆدۈن (شۇ چاغ بىلەن) ← ئۆد+ئۈن.

## قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى رولى

ھەممىمىزگە مەلۇم، رەۋىش جۈملىدە پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. رەۋىشنىڭ بۇ خىل رولى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى ھەم تەرەققىي قىلدى. تۆۋەندە بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئوينىغان رولى ۋە تۇتقان ئورنىنى كۆرۈپ باقايلى.

ۋاقىت رەۋىشلەر:

① كۈندۈز ئولۇرسىقىم كەلمەدى. (تون. 9. ب) (كۈندۈز ئولتۇرغۇم كەلمىدى).

بۇ جۈملىدىكى «كۈندۈز» دېگەن رەۋىش «ئولۇرسىق» دېگەن پېئىلغا ياندىشىپ كېلىپ، يۈزگۈزىلىۋاتقان ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى تەكىتلەپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلدى.

② ئول ئۆدۈن ئاغىچى ئۇلۇغى قاغانقا ئىنچە تىپ ئۆتۈنتى. (بۇ چاغدا خەزىنىچىلەر بېشى خانغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى).

بۇ جۈملىدە «ئۆدۈن» دېگەن رەۋىش «ئۆتۈنتى» دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلغان ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلدى.

③ ئۆترۈ ئول يىر-سۇۋ ئىرسى تەڭرى بار ئەردى. (.... ئاندىن ئۇ جايدا يەر-سۇ ئىلاھى بار ئىدى).

بۇ جۈملىدە رەۋىش «ئۆترۈ» يىر-سۇۋ» غا ياندىشىپ كېلىپ، «بار» دېگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىق ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

④ ئامتى كۆڭلۈڭچە ئالىڭ. (ئەمدى خالىغىنىڭچە ئال)

بۇ جۈملىدە «ئامتى»، دېگەن رەۋىش «كۆڭلۈڭچە»، دېگەن رەۋىشكە ياندىشىپ كېلىپ، «ئال»، دېگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

يۇقىرقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر جۈملىگە كىرگەندە، تەكىتلەنمىگەن ۋاقىت رەۋىشلىرى پېئىلدىن يىراق بولىدۇ. مەسىلەن: ②③ مىساللاردا تەكىتلەنمىگەن ۋاقىت رەۋىشلىرى پېئىلغا يېقىن بولىدۇ. (①مىسالغا قاراڭ) بىر جۈملىدە بىر قانچە رەۋىش پېئىلغا تەڭ باغلىنىپ كەلسە، ۋاقىت رەۋىشى پېئىلغا يىراق بولىدۇ. باشقا رەۋىشلەر پېئىلغا يېقىن بولىدۇ. (④مىسالغا قاراڭ) ۋاقىت رەۋىشلىرىنىڭ بۇ ھالىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم رەۋىشلەر جۈملىدە سۈپەت ۋە پېئىلغا ئورتاق بولۇپ، ئاساسەن كۆچەيتىش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇنداق رەۋىشلەر سۈپەتنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ① ئەرتىنگۇ بۇسۇشلۇغ قادغۇلۇق بولۇپ ئىغلادى. (تىكىن بۇ دۆلەتتىكى خەلقلەرنىڭ يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇرۇپ غەم قىلىپ يىغلىدى).

رەۋىش «ئەرتىنگۇ، قادغۇلۇق، بۇسۇسلۇغ» دېگەن سۈپەتكە ياندىشىپ كېلىپ، «ئىغلادى» دېگەن ھەرىكەتنىڭ قانداق دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلدى.

② ئالڭ كىچىكى ماخاساتۋى-ئىغ ئىچقىنمىش ئەرگەيمۇ بىز. (ئەڭ كىچىكى ماخاساتۋىنى يوقىتىپ قويىمىدۇق بىز دېدى).

رەۋىش «ئالڭ كىچىكى» دېگەن سۈپەتنىڭ ئالدىدا كېلىپ، بۇ سۈپەتنى ئېنىقلاپ، بۇنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرۈپ ھالەت بولۇپ كەلدى.

③ بۇلغاي ئەركى بىز يىگ ئادىرق بۇيانىغ تىپ تىدى. (ئال. 9.609) (بىز ئاجايىپ، تۈرلۈك سەدىقىلەرگە ئىگە بولالايمىز).

رەۋىش «يىگ، ئادىرق» دېگەن سۈپەتنىڭ ئالدىدا كېلىپ، سۈپەتنىڭ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلدى.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن رەۋىشى كۆپ ئەمەس. بەزى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى رەۋىشلىك رولىنى ئويناپ، جۈملىدە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇنداق رەۋىشلەر ئادەتتە جۈملىدە يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بىلەن ياندىشىپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوڭتۇن قاغانغارۇ سۇ يورىلىم تىمىش. (ئۇلۇغ تەرەپتىن خاقانغا ئەسكەر چىقىرىپتىمىش).

بۇ مىسالدىن باشقا ئورۇن-تەرەپ رەۋىشلىرى ئاساسەن پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

. . . . ئانتا مۇنتا ئىنارۇ بەرۇ يورىيۇ (ئال. 68. 13) (ئۇياق-بۇياققا بېرىپ ئويىنىدى).

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم رەۋىشلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

① قاراغۇ ئەدگۇتى ئۇيغىل باستىما تىمىش. (تۇن. 34) (قاراۋۇللارنى ياخشى تەشكىللە، بېزنى بېسىۋالمىسۇن دەپتۇ).

«ئەدگۇتى»، دېگەن رەۋىش «ئۇيغىل»، دېگەن پېئىل بىلەن ياندىشىپ كېلىپ ھەم مۇشۇ پېئىلنى تەكىتلەپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

تۇركارۇ ئۆتلەيۇر تۇراتار قاچان تۇرۇ. (ئۇ داۋاملىق پۇتۇن خەلققە ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىشقا نەسىھەت قىلاتتى).

② «تۈرگارۇ، دېگەن رەۋىش «ئۆتلەيۈر، دېگەن پېئىلغا ياندىشىپ كېلىپ ھەم تەكىتلەپ، مۇشۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

③ تەركىن تاۋراق تونىم سوقۇلۇپ قامىش بۈتىقى ئۈزە ئاسىپ (ئال. 615. 8)

«تەركىن، دېگەن رەۋىش «تونىن، دېگەن ئىسىمغا ياندىشىپ كېلىپ، «ئاسىپ، دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

دېمەك، ھالەت تەكىتلەنسە رەۋىش پېئىلغا يېقىن بولىدۇ، ھالەت تەكىتلەنمىگەن جۈملىدىكى رەۋىش پېئىلغا يىراق بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەردىن باشقا بىر قىسىم رەۋىشداشلارمۇ جۈملىدە رەۋىشلىك رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

سېنى ئىنچە سەۋەرمەن ئاياداقى مونچۇق تەگ. (سېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن، خۇددى ئالقىنىمدىكى ئۈنچە مەرۋايىتتەك).

«ئىنچە، دېگەن رەۋىشداش «سەۋەرمەن، دېگەن پېئىلغا ياندىشىپ كېلىپ، ئۇنى كۈچەيتىپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلدى. يۇقىرىقى مىساللاردىن باشقا يەنە «ئىنچىپ، ئانچۇلايۇ، تۈكەتى، قاتارلىق رەۋىشداشلارمۇ جۈملىدە رەۋىشلىك رولىنى ئوينايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنى مەنىسىگە قاراپ تۆت تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ۋاقىت رەۋىش، ئورۇن رەۋىش، ھالەت رەۋىش ۋە دەرىجە رەۋىشتىن ئىبارەت.

ۋاقىت رەۋىش: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت رەۋىش دېگىنىمىز ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تۈن ئۇدىسىقىم كەلمەدى، كۈندۈز ئولۇرسىقىم كەلمەدى. (تۈن)

بۇ جۈملىدىكى «كۈندۈز، دېگەن رەۋىش «ئولۇرسىقىم، دېگەن پېئىل بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت رەۋىشلىرى تۆۋەندىكىدەك: ئامتى (ھازىر)، بۇكۈن (بۈگۈن)، ئەرتەكۈن (ئەتە)، كۈندۈز (كۈندۈز)، تالڭ ئەرتە (سەھەر)، كىچە (كەچ)، بىلتىر (بۇلتۇر)، بۇرۇن (بۇرۇن، ئىلگىرى)، ئۆترۈ (كېيىن)، ئۈركىچ (ئۇزۇن، ۋاقىت)، ئۆدۈن (ئۇ چاغ)، يازىن (ياز)، كۈن كۈنىگە (ھەر كۈنى).

ئورۇن رەۋىش: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن رەۋىش ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ياكى ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تاشقارۇ ئىلىنچۈكە ئاتلانتۇرتى. (ئىككى)

بۇ جۈملىدىكى «تاشقارۇ، دېگەن رەۋىش «ئاتلانتۇرماق، دېگەن پېئىلنىڭ ئورۇنلىنىش ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن رەۋىشلەر تۆۋەندىكىدەك: يوغارۇ (يۇقىرى)، تاشقارۇ (سىرت، تاشقىرى)، ئالتىن (ئاستى، تۆۋەن)، ئۈستۈن (ئۈستى)، بەرۇ (يېقىنراق)، ئىنارۇ (يىراقراق)، ئىچرە (ئىچى)، تاشرا (تېشى)، ئوڭتۇن (ئوڭ تەرەپ)، سولتۇن (سول تەرەپ).

ھالەت رەۋىش: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەت رەۋىش دېگىنىمىز ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى يەنى ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا ۋە قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

قاراغۇ ئەدگۈتى ئۆيغىل باستىما تىمىش.

بۇ جۈملىدىكى «ئەدگۈتى، دېگەن رەۋىش «ئۆيغىل، دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەت رەۋىشلىرى تۆۋەندىكىدەك: نەتەگ (قانداق)، تەركىن (تېز)، ئاقۇرۇ (ئاستا)، سۇرت-ئۇق (تۇيۇقسىز)، ئەرۇ-ئەرۇ (تەدرىجىي)، ئەركسىزىم (ئامالسىز)، ئۇسۇكسۇز (توختىماي)، تۇرقارۇ (داۋاملىق)، ئەدۇتى (ناھايىتى، ياخشى).

دەرىجە رەۋىش: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرىجە رەۋىش دېگىنىمىز پېئىل ۋە سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىپ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ياكى خاراكتېرنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر. مەسىلەن:

تىگىن ئەرتىنگۇ بۇسۇشلۇغ بولۇپ ئىغلادى.

بۇ جۈملىدە «ئەرتىنگۇ» دېگەن رەۋىش «بۇسۇشلۇغ» دېگەن سۈپەتنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ قانداق دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرىجە رەۋىشلەر تۆۋەندىكىدەك:

ئابى (بەك)، يىگ (ناھايىتى)، ئالىڭ (ئەڭ)، ئەرتىنگۇ (ئىنتايىن)،

يۇقىرىدا بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىن، جۈملىدىكى ئورنى ۋە رولى جەھەتتىن، مەنىلىرىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى تەھلىل قىلدۇق. ئەمدى بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنى يۇقىرىقى جەھەتلەر ئارقىلىق بۇ ئوخشىمايدىغان ئىككى دەۋردىكى رەۋىشلەرنىڭ پەرقى ۋە ئورتاق بولغان جەھەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

1. رەۋىشلەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر تۈپ رەۋىش ۋە ياسالما رەۋىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

تۈپ رەۋىش: بىرلا مورفېمىدىن قۇرۇلغان ياكى ئەسلىدە بىر قانچە مورفېمىدىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قايتا مورفېمىلارغا بۆلۈشكە بولمايدىغان رەۋىشلەر. مەسىلەن:

تازا، راسا، ئاخشام، ناھايىتى قاتارلىقلار.

ياسالما رەۋىشلەر: بىردىن ئارتۇق مورفېمىلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان رەۋىشلەر. مەسىلەن: ئۇزۇل-كېسىل، پات-پات، بىر ناكۇن.

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بەزى رەۋىشلەر، سۈپەت، سۈپەتداش، سان ياكى سان بىرىكمىسى رەۋىشداشلارنىڭ تەرجىمە رەۋىشلىرىدىن كېلىپ چىققان.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىكى سۆزلەرنىڭ رەۋىشلىشىش دائىرىسى تار.

3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ياسىلىش يوللىرى.

① سىرى: سۈپەتداشلارغا قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: بارغانسىرى، ۋاقىت ئۆتكەنسىرى. ② ئا، ئە: بۇ ئەسلىدە رەۋىشداش ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ھازىر بۇلاردىن رەۋىشكە ئايلىنىپ كەتكەنلەرمۇ بار. مەسىلەن: قايتا، تولا، قارىتا، ئالدىن-ئالا. ③ لاپ، لەپ: بۇ قوشۇمچە ۋاقىت ئىسىملىرى، بەزى سانلار، سۈپەتلەر، جۈپ سۆزلەرگە قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: يىللاپ، ئايلاپ، بىر-بىرلەپ. ④ غىچە، قىچە/گىچە، كىچە: بۇ قوشۇمچە ئىسىملەرنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، رەۋىش ياسايدۇ.

مەسىلەن: چوقىمغىچە، مەكتەپكىچە، نۆۋەتتىغىچە. ⑤ ئىدە: بۇ قوشۇمچە كۆپ ساندىكى تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: پاللىدە، لەپپىدە، شاررىدە. ⑥ ئى: بۇ قوشۇمچە كۆپىنچە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرگە ۋە مەلۇم سۆز تەرتىپىدىن ئېنىقلانغان ۋاقىت ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: كۈنى، ئاخشىمى، كېچىسى. ⑦ چە: بۇ قوشۇمچە پۈتۈن سۈپەتداشلار، ئىسىملارغا قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: قىلچە، بىلمىشچە، يوشۇرۇنچە. ⑧چىلاپ: بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: پاقىچىلاپ، خورازچىلاپ.

⑨ لارچە/لەرچە: بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: قەھرىمانلارچە، ئاتىلارچە، مەرتلەرچە. ⑩ ىچە: بۇ قوشۇمچە بىر قىسىم ۋاقىت ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن: كەچ، كېچىچە، قىش، قىشىچە. ⑪ مۇ يۈكلىمىسى: بۇ يۈكلىمە رەۋىشلەرگە ئۇلىنىپ تەكىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تازىمۇ، ئەجەپمۇ، بەكمۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ رەۋىشلىشىشىدىن كېلىپ چىققان رەۋىشلەرمۇ بار.

① سۈپەتتىن: ئەتەي، ئاتايىن (ئالاھىدە، سەللىمازا)، سەللىم ئەزا.

② رەۋىشداشتىن: كىچىلىپ، كۈنساناپ، بىر-بىرلەپ.

③ سۈپەتداش بىرىكمىسىدىن: نېمە دېگەن.

④ سان ياكى سان بىرىكمىسىدىن: بىردىنلا، بىراقلا.

يۇقىرىقى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىچىدە چا/چە قوشۇمچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن، قالغانلىرى كېيىنكى تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشلەر سىنتېتىك يول بىلەن ياسىلىشتىن باشقا يەنە ئانالىتىك يول بىلەنمۇ ياسىلىدۇ.

① مەنىسى قارمۇ-قارشى بولغان ياكى مەنىسى يېقىن بولغان سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى بىلەن رەۋىش ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كېچە-كۈندۈز، ئاستىن-ئۈستۈن. ② ئىككى سۆز تەكرارلىنىپ بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا «مۇ» قوشۇمچىسى ياكى ئىككىنچى سۆز يېلتىزىغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىش ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاز-ئازدىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر ئۆز مەنىسىگە قاراپ ۋاقىت رەۋىش، ئورۇن رەۋىش، دەرىجە رەۋىش، ھالەت رەۋىش ۋە مەقسەت رەۋىش دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ① ۋاقىت رەۋىش: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت رەۋىشلىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئاخشام، مەڭگۈ، بۈگۈن، كېچە قاتارلىقلار. ② ئورۇن رەۋىش: ئورۇن رەۋىشلىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولغان ئورنى ياكى ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىلگىرى، نېرى، بېرى، مۇندا قاتارلىقلار. ③ دەرىجە رەۋىش: دەرىجە رەۋىشلىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولىدىغان بولمايدىغانلىقىنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەيدىغان ياكى سۈپەتنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان رەۋىشلەر. مەسىلەن: ئەڭ، ناھايىتى، ئىنتايىن، چوقۇم، جەزمەن. ④ ھالەت رەۋىش: ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ھالەت رەۋىش دېيىلىدۇ. مەسىلەن: تۇساتتىن، ئاران، چاپسان، دەرھال، توغرىدىنتوغرا. ⑤ مەقسەت رەۋىشلىرى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسەت بىلەن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر مەقسەت رەۋىشلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئەتەي، قەستەن، زورمۇ-زور، ئىلاجسىزلىقتىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ھالەتكە كەلگەن. بىز مۇشۇ ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان دەۋردىكى رەۋىشلەرنى يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەن جەھەتلەردىن سېلىشتۇرساق بۇلاردىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىككى دەۋردىكى رەۋىشلەرنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە:

① قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر تاق مورفېمىدىن ۋە كۆپ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن تاق مورفېمىدىن تۈزۈلگەنلەر ئاز بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. كۆپ ساندىكىلىرى ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەنلەرمۇ ئاز بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر خېلى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ② قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىش ياسىغۇچى چا/چە، تەگىدىن ئىبارەت. ھازىرقى

زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە چا/چە شەكلى ساقلىنىپ قالغان.

تەگ-شەكلى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە رەۋىش ياساش رولىنى يوقىتىپ ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ئۇلارنى سۈپەتلەشتۈرۈش رولىنى ئويناپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كۈمۈشتەك چاچلىرى.

تەگ-سۈپەتداشلارنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇپ كېلىپ رەۋىشلىك رولىنى ئويناپ، جۈملىدە هالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ يىغلىغاندەك كۆرۈنەتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سان جەھەتتىن زور پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى دەۋردىكى رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ۋە رولى جەھەتتىن چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. لېكىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ۋاقىت رەۋىش ۋە ئورۇن رەۋىشلەر ئىسىملارنىڭ شەخس-سان كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن-ۋاقىت رەۋىشلىرى ئىچىدە ئاز بىر قىسمى سان-شەخس كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. مەسىلەن: (كېچەلەردىن سوڭ) غا ئوخشاش.

دېمەك، تىل ئالاقىلىشىش قورالى بولغاچقا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ جازىسى بولغان گىراماتىكا گەرچە لېكسىكىدەك تېز ئۆزگىرىش ياسىمىسۇ، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئۆزگىرىشلەردە بولۇپ، بەزى شەكىللەر چۈشۈپ قالىدۇ، بەزى شەكىللەر ساقلىنىپ قالىدۇ، بەزى شەكىللەر ئۆزىنىڭ ئەسلى رولىنى يوقىتىپ جۈملىدە يېڭى ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

يۇقىرىدىكى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، تىل ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. فونېتىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىش چوڭراق، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىن ئۆزگىرىش كىچىكرەك بولىدۇ، تىل هامان تار دائىرىدىن كەڭ دائىرىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ جۇڭگو تىل فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# ئۇيغۇرلاردا ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

ئەنەيتۇللا قۇربان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى زور.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن ھەم بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەقلىيەچىلىك بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىپ كەلگەن مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئالىم، ئەدىب، تۆھپىكارلىرى ئۆتكەن. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر قەدەر بۇرۇنقى باسقۇچلىرىدىكى داخان، پىرىخون، سالنامىچى دانىشمەنلەر، ھېكمەلەر جەمئىيەت تەشكىللىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كىشىلەرنى يېتەكلىگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى، تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر مەنىلىك، ئىلمىيلىك دەرىجىسى يۇقىرى قاراشلارنى ئەقلىيە سۆزى شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى ئاڭ جەھەتتە يېتەكلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يازما ئەدەبىياتتا يېڭى بىر فورمىنىڭ ئۇلىنىسىنى سالدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەقلىيە سۆزلىرى دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىرىنچى، ئەقلىيە سۆزلىرى قۇرۇلمىسى ۋە مەنە جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئانا ژانىرلارنىڭ بىرسى؛ ئىككىنچى، ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۇزۇن، قېلىپلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، تارقىلىشى كەڭ، يىغىشلىق ژانىر؛ ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە مەنىۋىي يۆلەك ھەم ئىشەنچ تېپىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە ۋە ئېھتىياجلىق قورال؛ تۆتىنچى، ماقال-تەمسىل، ئىدىيوم، رۇبائىيلارنىڭ پىكىر-مەنە جەھەتتىكى ئاساسىنى ئەقلىيە سۆزلىرى دېسەك، ئەقلىيە سۆزلىرى بۇنىڭدىمۇ ئىلگىرىكى ئۆگۈت-نەسىھەت، ئادىي قاراش-چۈشەنچىلەر ۋە بىۋاستەھېس-تۇيغۇ دەرىجىسىدىكى پىكىرلەردىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پوئېزىيىگە قارىغاندا، نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن. (بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش بار. مېنىڭ قارىشىم شۇنداق) نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان دەۋرى ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، شۇنداقلا، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى، كىشىلىك تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش، بىلىش ھەم ئۇنى ئىپادىلەش دەۋرى بىلەن باغلىنىدۇ.

ماركس، ئېنگېلسلار ئۆزلىرىنىڭ «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاڭ ئۆزگىرىشىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى، ماددىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلەرنى، تەپەككۇر جەريانىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەقلىيە سۆزلىرى ماددىي مۇناسىۋەت جەريانىدا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك دۇنياسىنى بىلىشنىڭ دەسلەپكى تۆۋەن باسقۇچىدا، ھاسىل بولغان. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدىكى بىلىش باسقۇچى، بىلىش باسقۇچى تونۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇنداقتا، ئەقلىيە سۆزلىرى قاچان، قانداق كېلىپ چىققان؟ بۇ ھەقتە تارىخىي كىتابلاردا ۋە باشقا ھەر خىل ماتېرىياللاردا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا خېلى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان مەۋجۇت، كىشىلەر مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇش بىلەنلا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك دۇنياسىدىكى

سان-ساناقسىز ئوبيېكتلارغا سوئال نەزەرىنى تىكىپ، ئۇلاردىن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا ئۇرۇنغانىدى. بۇنداق ئۇرۇنۇش كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنى نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن تەمىن ئەتتى. كېيىنكى چاغلاردا، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىش سەمەرىلىرىنى باشقىلارغا نامايەن قىلىپ، ئوبيېكتلار ھەققىدىكى بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتتى. مۇشۇنداق تارقىلىش تىل ۋاسىتىسى بىلەن، يەنى ئوبرازلىق تىل بىلەن بولاتتى. ئەقلىيە سۆزلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بۇ ھالىتىنى مانا مۇشۇنداق باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، ئەڭ دەسلەپ ئەقلىيە سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىنىڭ يىغىنچاق ئىنكاسى بولغان بولسا، كېيىنچە ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ھالىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، مەسىلىلەر ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشىنىش باسقۇچىدىن مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئەقىل ئۆگىتىپ ھەم ئەخلاقىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە قاراپ راۋاجلاندى. بۇ خىل راۋاجلىنىش يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى شەكىل جەھەتتىمۇ پىششىقلىنىش، قېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئوبرازچانلىقى ھەم ئاھاڭدارلىقى ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچەيدى.

ئەڭ بۇرۇنقى ئەقلىيە سۆزلىرى كىشىلەرگە مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق تىللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، ئاددىي بىر نەچچە جۈملە ئارقىلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى، جەمئىيەت ۋەقەلىرى ئۈستىدىن يۈزەكى چۈشەنچە ۋە خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن، ئەقلىيە سۆزلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر ژانىرغا ئايلىنىپ، خەلق ئاممىسىغا ئەقىل ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىدى.

ئەقلىيە سۆزلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان دەۋرلەردە شەكىللىنىشكە باشلىغان بولسا، يېزىق شەكىللەنگىچە بولغان ئارىلىقتا، خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ، خەلق تىلىدا خاتىرىلىنىپ باردى. شۇنداقلا ئۇ، تەدرىجىي ھالدا مەزمۇن جەھەتتە خىلمۇ-خىللىشىپ، ھەمدە چوڭقۇرلىشىپ، شەكىل جەھەتتە تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

فارابى ئۆز دەۋرىدە ئىلغار ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قالماستىن، بەلكى پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور ئىنتايىن يىغىنچاق ئەقلىيە سۆزلىرىنىمۇ يارىتىپ، كىشىلەرنى نۇرغۇن تۇرمۇش بىلىملىرى ۋە تەبىئەت، جەمئىيەتتىكى تىلسىملارنىڭ سىرىنى ئېچىشتىكى بىلىم بىلەنمۇ تەمىنلىگەن. ئۇ «بەختكە ئېرىشىش يوللىرى ھەققىدە رىسالە»، «بەختكە ئېرىشىش ھەققىدە كىتاب» دېگەن كىتابلارنى يېزىپ چىقتى. مانا شۇنداق ئەسەرلەردە ئۇ «بەخت يولى بىلىمدۇر» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلققە بەختكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ بەردى.فارابىنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان ئەقلىيە سۆزلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. ئەمما بىزنىڭ قولىمىزدا بۇ ھەقتە ئەمەلىي ماتېرىياللار بولمىغاچقا، كۆپ توختىلىشقا ئامالسىز قالدۇق. مىلادى 9-ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد ۋە سىياسىي ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. ئىقتىساد ۋە سىياسىي تەرەققىيات بىر مەزگىل بوھران ئىچىدە قالغان ئۇيغۇر يازما مەدەنىيەت تارىخىنى يېڭى باسقۇچقا ئېلىپ كىردى.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا بىر قەدەر سىستېمىلاشقان ۋە مۇكەممەللەشكەن دۇنياۋىي ئەدەبىيات دەۋرى باشلىنىپ،«تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق بىر-بىرىگە گىرەلەشكەن قىممەتلىك ئەسەرلەر يارىتىلىپ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇلدى. مەھمۇد قەشقەرى كىتابىنى قانداق يازغانلىقىنى، يېزىشتا قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى ۋە نېمىلەرگە دىققەت قىلغانلىقىنى كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق ئىزاھلىغان: «بۇ كىتابنى ھېكمەت، قاپىيە، ماقال-تەمسىل، شېئىر، رەجەز، نەسر كەبى نەرسىلەر بىلەن بېزەپ بوغۇم، ھەرپ تەرتىۋى بىلەن تۈزدۈم......، بۇ كىتابتا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قاراشلىرىنى، بىلىملىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سۆزلەنگەن شېئىر-ئۆرنەكلىرىنى توپلىدىم، قايغۇلۇق، خۇشاللىق كۈنلىرىدە يۈكسەك چۈشەنچىلەر بىلەن سۆزلەنگەن

ماقال-تەمسىللەرنىمۇ ئالدىم، ئۇلارنى دەسلەپ سۆزلىگەنلەر كېيىنكىلەرگە، بۇلار تېخىمۇ كېيىنكىلەرگە بىلدۈرۈشكەنىدى». «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ماقال-تەمسىللەر مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ پىششىقلانغانلىقى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر.

مەسىلەن: 1. تۆگىنىڭ يۈكى ئۈزۈك-تۆلۈك بولسىمۇ، ئاچ ئادەمگە ئاز كۆرۈنىدۇ.

2. ھورۇنغا بۇلۇتمۇ يۈك بولىدۇ.

3. ياقىدىكىنى يالايمەن دەپ، قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالما.

4. دۈشمەننى كىچىك كۆرسەڭ بېشىڭغا چىقىدۇ.

5. بەلگە بولسا يولدا ئاداشمايدۇ، بىلىم بولسا سۆزدە يېڭىلمەيدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇشۇ خىلدىكى ماقال-تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن 300 گە يېقىن بېرىلگەن. باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان شېئىر-قوشاقلار (بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلق قوشاقلىرى، ئاپتورلار شېئىرلىرىدىن پارچە ھەم ئايرىم رۇبائىيلار بار) بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي شەكلى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىدىيىۋى مەزمۇنىمۇ چوڭقۇر ھەم كەڭ دائىرىلىك، شۇڭىدەك ئۇلارنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ خېلى زور.

ئەقلىيە سۆزلىرى ئۆز نۆۋىتىدە بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ زامانىدىشى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) داستانىدا تەرەققىياتلارغا ۋە مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىكى يۈكسىلىشكە ئېرىشتى.

ئاپتور ئۆز داستانىدا، «ھىممەتلىك، ياخشىلىق قىلىش پەزىلەتنىڭ ئىشى»، «گۈزەللىك ئىش-ھەرىكەتنىڭ توغرا-تۈزلىكىدە»، «ياخشىنىڭ نامى قالىدۇ، يامانىنىڭ نامى سېسىيدۇ»، «ئەل نەزىرى-خانلىق سەلتەنەتنىڭ ئاساسى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىجابىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى گۈزەللىككە، قائىدە-تۈزۈمگە ئۆگەتتى ھەمدە كىشىلەرنى بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆملۈكتە ئىش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلىدى. بۇنداق ئەقلىيە سۆزلىرى يالغۇز چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە چوڭقۇر بىلىمنى مۇجەسسەملىگەن گۈزەللىك ھەققىدىكى يىغىنچاق ئىلىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مەشھۇر سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى «ياخشىلىقتىن نام قالىدۇ، يامانلىقتىن داغ» دېگەندەك ماقاللار ئۈچۈن تۇپراق بولغان.

ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ تارىختىكى تەرەققىياتى بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۈكسىلىش جەريانى سىستېمىلىق ھەم ۋارىسچانلىق ئاساسىدا بولغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە كامالەتكە يەتكەن ئەقلىيە سۆزلىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەخمەت يۈكنەكى ئىجادىيىتىگە ئىجابىي ھالدا تەسىر قىلماي قالمىدى. بۇنى ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر ئىشىكى) تىن ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يەنە بىر مۇھىم يازما يادىكارلىق ھەم ئەدەبىي نامايەندە بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلىم-مەرىپەتكە، ھەققانىيەتلىككە، مەرتلىك، ئادىللىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان. نادانلىق، جاھىللىق، خەسىسلىك، تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، مەمەدانلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنى بىر گۈزەل ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ بۇلىقى دېيىش بىلەن بىللە، شۇ خىل ئەقلىيە سۆزلەرنى كېيىنكى دەۋرلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئالتۇن كۆۋرۈك» دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ.

15-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرگەن ۋە تاكامۇللاشتۇرغان ئەدىب ئەلشىر ناۋائى ئىدى. ئەلشىر ناۋائى ئۆمرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، شېئىرىيەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ژانىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاساھەتكە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ھېكمەتلىك سۆزلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

① ياخشى خۇلۇقلۇق كىشىلەر بەخت خەزىنىسىگە ئېرىشىدۇ.
② ئىنساننىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى-ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىشتۇر.
③ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ناۋائى ئىجادىيىتىدىكى ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلاردا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، بىلىملىك بىلەن نادانلىق، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، قەيسەرلىك بىلەن قورقۇنچاقلىق، مەرتلىك بىلەن پىخسىقلىق ھەم نامەرتلىك، ئەخلاقلىق بىلەن پەسكەشلىك روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ئىجادىي جەھەتتىن كىشىلەرگە چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمىنى ئۆگەتكەن ۋە روھ جەھەتتە تەربىيىلىگەن.

ناۋائىيدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شېئىر شەكىللىرى بىلەن مەزمۇن ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن، ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىدا ھەم ئادەتتىكى نۇتۇق جەريانىدا ئىپادىلىنىپ كەلگەن ئەقلىيە سۆزلىرى تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق چۈشەنچىسى، پەندى-نەسىھەت تۈسىدە گەۋدىلىنىپ كەلگەن بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ۋە كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا، يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئىجادىيىتى، پەلسەپىۋى قارىشى ھەم ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە دېموكراتىيە، ئىلىم-پەن، مەرىپەتپەرۋەرلىك تېمىسى ۋە ئىدىيىۋى قاتلىمىنى ھاسىل قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئېڭى ھەم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئايرىم باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇش شەكلىدە بولدى. مەسىلەن: ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «ئاممىغا نەسىھەت» ناملىق ئەسىرىدە پىكىر، ھېسسىيات، ئىدىيە-ئەقلىيە سۆزلەرگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ئەگەر ئانىسى بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەيدۇ» دېگەندەك ئەقلىيە سۆزلەر ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن پىكىر قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان.

بۇلاردىن باشقا ئابدۇللا ھاپىزنىڭ «ياخشى» ناملىق شېئىرى، نىياز باقىنىڭ «ئۆلۈم» ناملىق شېئىرى، نىمشېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرى، ئەنۋەر ناسىرنىڭ «ئاخىرقى سۆز» ناملىق شېئىرى، ئۆمەر ھۆسەيىن قارىنىڭ «مەنزىل» قاتارلىقلارمۇ ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن شېئىرىيەت شەكلىنىڭ ئورگانىك كىرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ خىل ئەدەبىي ھادىسە بىر قەدەر گەۋدىلىك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئەقلىيە سۆزلىرى كۆپ خىل تۈرلەر بويىچە يۈكسەلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. ئەقلىيە سۆزلىرىنى ھازىرقى ۋاقىتتا كىشىلەر ھېكمەتلىك سۆزلەر، مەشھۇر سۆزلەر، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ. يەنە بەزىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ئەقلىيە سۆزلىرى دېگەن ئورتاق نامنىلا قوللىنىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك ئوخشاشلىقنىڭ بولغانلىقىدىن ھەمدە ئۆزىگە خاس مەزمۇن، شەكىل، قاراتمىلىق، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئەستېتىك ئۈنۈم جەھەتتىكى پەرققە ئىگە بولغانلىقىدىن بولغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەقلىيە سۆزلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان، خاسلىققا ئىگە ئەدەبىي شەكىل. ئۇنىڭ كېڭىيىشى تېز، ئومۇملىشىشى كۈچلۈك، پەلسەپىۋى قوزغىتىش كۈچى گەۋدىلىك، پىكىر قىلىش يوللىرىنى ئېچىش، تەپەككۇرنى يېتەكلەش خۇسۇسىيىتى روشەن. شۇنداقلا ئۇ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇش، تەرەققىي قىلىش ھەمدە باشقا ژانىرلار بىلەن مەنە جەھەتتە سىڭىشىش ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنى يەنە ئاتىلىشى، مەنە قاتلىمى، قۇرۇلما جەھەتتە تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى ھەمدە باشقا ژانىرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىشى جەھەتتىن «ئانا ژانىر» دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ توغرىلىق چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)
مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا خەمىت

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى رولى توغرىسىدا

بۇھەيرە ئابلەت

بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئومۇمەن، ئىينى دەۋردە تۈركىي خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن تىل بولۇپ، ئۇ يازما يادىكارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان تىللارنىڭ بىرىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقى دېگىنىمىزدە، ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قالدۇرغاندىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ رايونلاردا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يازما يادىكارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىينى دەۋردە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىشلەتكەن يېزىقلار ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن، شۇنداقلا ئۇ يېزىقلار ئارقىلىق دۇنياغا مەشھۇر بولغان يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر مەنە ۋە گىراماتىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلار: ئىسىم؛ سۈپەت؛ سان؛ مىقتار؛ ئالماش؛ رەۋىش؛ پېئىل؛ ياردەمچى پېئىل؛ تىركەلمە (ئارقا ياردەمچى)؛ باغلىغۇچى؛ يۈكلىمە ۋە ئۈندەشتىن ئىبارەت. بۇ تۈر جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزمۇن ئىپادىلەيدىغان شەكىللىرى جەھەتتىن مۇئەييەن پەرقلەرگە ۋە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە.

مەن بۇ ماقالىدە ئىسىم (ئىسىملاردا سان، ئىسىملاردا شەخس، ئىسىملاردا كېلىش)، سان (سانلارنىڭ تۈزۈلۈشى، سانلارنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشى)، مىقدار (مىقدارلارنىڭ تۈرى، ئېغىرلىق ئۆلچىمىنى ئىپادىلەيدىغان مىقدارلار) قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە توختالماقچىمەن.

## 1. ئىسىم

ئىسىم — شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈملىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى ۋە گىراماتىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ۋە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسىدىن ئىبارەت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمدى بۇ مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

### 1) ئىسىملاردا سان

ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى—ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ سان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىك كاتېگورىيە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىگە كىرگەندە، زۆرۈرىيەتكە قاراپ بىرلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان بىرلىك شەكلىدە كېلىدۇ ياكى كۆپلۈك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈك شەكلىدە كېلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن كۆپلۈك شەكلى شۇ ئىسىمغا «لار-لەر»

قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئىسىملارغا «لار-لەر» قوشۇمچىسى قوشۇلمىغىنى بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. «لار-لەر» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار كۆپلۈك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

سان جەھەتتىن بىرلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار تۆۋەندىكىچە:

ئەب (تۇن) ئۆي، تۆرۈ (ئىككى) قانۇن، بۇيان (تۇر) ساۋاپ

سان جەھەتتىن كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار:

بودۇن ـ لار (تۇن) خەلقلەر، ساب ـ لار (كت) سۆزلەر

قۇنچلۇي-لار (ئىككى) مەلىكىلەر، چەرىگ ـ لەر (ئوغ) لەشكەرلەر

## 2) ئىسىملاردا شەخس

ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى—ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ مەلۇم بىر شەيئىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىك شەكىللەرنىڭ بىرى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ كاتېگورىيە-ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان تەۋەلىك شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا تەۋەلىكۈچى شەخسكە مۇۋاپىق ھالدا I شەخس، II شەخس ۋە III شەخستىن ئىبارەت ئۈچ شەخسكە بۆلىنىدۇ. I شەخس سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلىنىدۇ.

I شەخس بىرلىك شەكلى:

م ـ، ئېم ـ، ئىم ـ، ئۇم ـ، ئۈم ـ.

I شەخس كۆپلۈك شەكلى:

ئېمىز ـ، ئىمىز ـ، مىز ـ، ئۇمۇز ـ، ئۈمۈز ـ.

II شەخستىمۇ بىرلىك ۋە كۆپلۈك بولۇپ، II شەخس بىرلىك شەكلى ئىككى خىل شەكىل بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. II شەخس كۆپلۈك شەكلى بىرلا خىل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

II شەخس بىرلىك شەكلى

بىرىنچى خىلى: ڭ ـ، ئېڭ ـ، ئىڭ ـ، ئۇڭ ـ، ئۈڭ ـ،

ئىككىنچى خىلى: ئۇگ ـ، ئۇغ ـ، ئۈگ ـ، گ ـ، غ ـ،

II شەخس كۆپلۈك شەكلى: ئېڭىز ـ، ئىڭىز ـ، ئۇڭۇز ـ، ئۈڭۈز ـ، ڭىز ـ،

III شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكى بىرلا خىل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ.

III شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى: (ئوخشاش)

سى ـ، سې ـ، ئى ـ، ئې دىن ئىبارەت.

تۆۋەندە بۇ ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ كېلىشىنى كۆرۈپ باقايلى. مەسىلەن:

قورقۇنچ-ئۇم (ئال) غېمىم، ئەندىشەم

كۆسۈش-ئۈمۈز (ئال) ئۈمىدىمىز، ئارزۇيىمىز

ئات-ئىم (ئىك) نامىم، ئەچى-مىز (كت) تاغىمىز، ئاكىمىز

قالڭ-ئىمىز (تۇن) دادىمىز، ئاتىمىز، قان-ئىڭ (تۇن) ئاتاڭ، بوڭ-ئۇغ (كت) غېمىڭ، ئوغل-ئۇڭ (ئىك) ئوغلۇڭ، ئەدگۈ-گ (م-س) ياخشىلىقىڭ، ئىنى-ڭىز (ئىك) ئىنىڭىز، ئەش-ئىڭىز (ئىك) دوستىڭىز، كۆڭۈل-ئۈڭۈز (سلم) كۆڭلىڭىز ئاغى-سى (ماي) بايلىقى، قۇت-ئى (ق ب) بەختى

## 3) ئىسىملاردا كېلىش

1) كېلىش-ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان گرامماتىك شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان كېلىش شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكىللىرى سەككىز تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار باش كېلىش؛ ئىگىلىك كېلىش؛ بېرىش كېلىش؛ يۆنىلىش

كېلىش؛ چۇشۇم كېلىش؛ ئورۇن (ئورۇن-چىقىش كېلىش دېيمۇ ئاتىلىدۇ) كېلىش؛ چىقىش كېلىش ۋە ۋاستە كېلىشتىن ئىبارەت .

2) ئىسىمنىڭ كېلىش شەكلى ھەر دائىم ئىسىمنىڭ سان شەكلى ئىلىسىدا ياكى سان شەكلى بىلەن تەۋەلىك شەكلى ئىلىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سىزلەر لوۋلار قانى قۇنچلۇيىمۇ؟ (ئىككى 43)

(سىلەر ئەژدىھارلار خانىنىڭ مەلىكىلىرىمۇ!)

شاغام ياگاقلار-ئى-غا.....(ئوغ،320) (سۇرىيە تەرمىلەرگە....)

3) ئىسىمنىڭ ھەر قايسى كېلىش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە. (بۇنىڭدا ئىلىسەن، كېلىشنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. جۈملىدىكى رولى تونۇشتۇرۇلمايدۇ) .

## باش كېلىش

باش كېلىش: شەكلى ۋە جۈملىدىكى رولى جەھەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

قاتۇن يوق بولمىش ئەردى. (تۇن 31) (خوتۇن قازا قىپتۇ.)

بىر ئالتۇن يا كۆردى. (ئوغ 31) (بىر ئالتۇن يا كۆردى.)

كىشدە تالۇسى ئۇۋۇتلۇغ كىشى (ق ب) 2201)

(كىشلەرنىڭ سەرخىلى ئۇياتلىق كىشى.)

قاگىم قۇتى مەنى سەۋرمۇسىز؟ (ئىك 6)

(دادام ئالىيلىرى مېنى يلخشى كۆرەلىمۇ!)

ئىگىلىك كېلىش

ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكى ئىككى يۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى: ئىڭ-، ئىڭ-، ئۇڭ-، ئۇڭ-، ئىن-، ئان-، ئەن-، ئىگ-، ئىر-.

ئىككىنچى: ناڭ-، نەڭ-، نىڭ-، نىڭ-، نۇڭ-، نۇڭ-. مەسىلەن:

بايىرقۇ-نۇڭ (كت) بايىرقۇنىڭ، قاغان-ئىڭ (تۇن) شاھنىڭ، خاننىڭ

بەگ-ئىڭ (كت) بەگنىڭ، بودۇن-ئىغ (كت) خەلقنىڭ، تۇلكۇ-نۇڭ (ئال) تۈلكىنىڭ،

مونچوق-ئۇڭ (ئىق) مونچاقنىڭ، ياغ-ئىن (موچ) دۈشمەننىڭ،

ئەرمن-نىڭ (ئىككى) ئەرنىڭ

بۇنىڭ قوشۇمچىلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، ھازىر كۆپ قىسمى ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان. ساقلىنىپ قالغانلىرى پەقەت «نىڭ» لا بولۇپ، «نۇڭ-،نۇڭ-، شەكىللىرىنى جانلىق تىلدا ئاندا-ساندا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. جۈملىدىكى رولى ئىلىسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

ئىلتە قازغانچىم سىزنىڭ ئەرمەزمۇ؟ (ئىككى 16)

(ئەلدە تاپقىنىم سىزنىڭ ئەمەسمۇ!)

بۇ نىشان بەن تانۇق تەمۇرنۇڭ ئول (ئىق 9)

(بۇ بەلگە مەنكى گۇۋاھچى تۆمۈرنىڭدۇر.)

يۇلا يالنى (چلىس) (چىراغ يورۇقى)

بېرىش كېلىش

بېرىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ يۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى: غا -، قا، گە، كە.

ئىككىنچى: ئا، ئە، يا، يە.

ئۈچىنچى: ڭا، ڭە، نا،نە.

يۇقىرىدىكى قوشۇمچىلاردىن بىرىنچى خىل شەكلى، ئاساسەن سۆز يىلتىزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنىغا قاراپ قوشۇلغان بولۇپ، ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن:

ئادا-قا (ئىككى) خىتەرگە، سۇ-كە (تۇن) قوشۇنغا

ئىككىنچى خىل قوشۇمچىلار: تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا كەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا نامايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

قوشۇمچىلاردىن «ئا-ئە» ئىسىمنىڭ تەۋەلىك I ، II شەخس قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يالشى-ئىم-ئا (تۇن) يىشىمغا، ئىدى-م-ئە (بىل) ئىگىمگە

ئوغول-ئۇلق-ئا (بىل) ئوغلۇڭغا، ئەب-ئى-نە (كت) ئۆيۈڭگە

قوشۇمچىلاردىن «يا، يە» نىسبەتەن ئاز قوللىنىلغان بولۇپ، كۆپىنچە تەرەپنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن كېيىن قوللىنىلغان. مەسىلەن:

قۇرى-يا (تۇن) غەربكە، بەرى-يە (كت) جەنۇبقا

ئۈچىنچى خىل قوشۇمچىلار: «ڭا، ڭە، نا، نە، ئىسىمنىڭ تەۋەلىك III شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلغان. مەسىلەن:

باتسىق-ئى-ڭا (ئوغ) غەربكە، كۈن-ئى-ڭە (ئىككى) كۈنىگە،

دوست-ئى-نا (ق ب) دوستىغا، ئۈچ-ئى-نا (ق ب) ئۈچىغا

## يۆنىلىش كېلىش

يۆنىلىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

غارۇ، گەرۈ، قارۇ، كەرۈ، را، رە، رۇ، رۈ، ڭارۇ، ڭەرۈ، ڭار.

يۇقىرىقى قوشۇمچىلاردىن «غارۇ، گەرۈ، قارۇ، كەرۈ، را، رە،» لەر سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ سۆز يىلتىزىغا قوشۇلغان. مەسىلەن:

تابغاچ-غارۇ (تۇن) جۇڭگوغا، تابغاچقا،

ئىل-گەرۈ (كت) ئالدىغا، تاش-را (بىل) سىرتقا، كەس-رە (بىل) كەينىگە

قوشۇمچىلاردىن «رۇ، رۈ،» ئىسىمنىڭ تەۋەلىك I شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلغان. مەسىلەن:

ئەب-ئىم-رۈ (موچ) ئۆيۈمگە

قوشۇمچىلاردىن «ڭارۇ، ڭەرۈ، ڭار،» ئىسىمنىڭ تەۋەلىك III شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلغان. مەسىلەن:

سۇب-ئى-ڭارۇ (كت) سۈيىگە، يىر-ئى-ڭەرۈ (موچ) يېرىگە

چۈشۈم كېلىش

چۈشۈم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ يۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى: ئىگ، ئىغ، ئۇگ، ئۇغ، گ، ك، غ.

ئىككىنچى: ئىن، ئىن، ن،

ئۈچىنچى: نى، نى،

بۇ قوشۇمچىلاردىن بىرىنچى خىلى: سۆز ئۆزىكى ۋە ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىدىن كېيىن قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تىنلىغ-لار-ئىغ (ئىككى) جانلىقلارنى،

يەر-ئىگ (ئىككى) يەرنى، يول-ئۇغ (م.س) يولنى،

سۆز-ئۈگ (ئىككى) سۆزنى، تەڭرى-گ (تۇن) تەڭرىنى

ئىككىنچى خىلى:سۆزلەرگە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ساب-ئىم-ئىن (سام) سۆزۈمنى، تۆرۈ-گ-ئىن (موچ) قانۇنىڭنى،

قىز-ئى-ن (تۈن) قىزىنى، تەرى-سى-ن (ئىككى) تېرىسىنى

ئۈچىنچى خىلى: سۆز ئۆزىكىگە ۋە ئىسمىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلغان شۇنداقلا كېيىنرەك پەيزىلغان يازما يادىكارلىقلاردىن ئۇغۇز نامىدا ئىسمىنىڭ تەۋەلىك I شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلۇشقا باشلىغان.

مىسلەن: بۇغۇ-نى (ئوغ) بۇغۇنى، سىز-لەر-نى (چلس) سىلەرنى،

دوست-لار-ئۇم-نى (ئوغ) دوستلىرىمنى، دۈشمەن-لەر-نى (ئوغ) دۈشمەنلەرنى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بۇ قوشۇمچىلاردىن «-نى» ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ قوشۇمچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق چۈشۈم كېلىش ئۇقۇملىرىنى بىمالال ئىپادىلىمەكتە. ئۇندىن باشقا، «ئىن-، ئۇن-، ئۈن-، » قوشۇمچىلىرىنى زامانىمىزنىڭ پېشۋالىرى، كامالەتكە يەتكەن ئالىملىرىمىزدىن سەھىيدىن ئەزىزى، مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.... قاتارلىقلارنىڭ داستانلىرىدا ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئورۇن كېلىش (ئورۇن چىقىش كېلىش)

ئورۇن كېلىش، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا چىقىش كېلىش بىلەن ئارىلاش قوللىنىلغانلىقتىن ئورۇن-چىقىش كېلىش دەپمۇ ئاتالغان.

ئورۇن كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە: دا-، تا-، دە-، تە-،

ئۇلۇس-تا (كت) يۇرتتا، ئۆد-تە (ئال) زاماندا، ۋاقىتتا

## چىقىش كېلىش

چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە:

دىن-، تىن-، دىن-، تىن-، دۇن-، تۇن-، دۈن-، تۈن-، دان-، تان-، دەن-، تەن-،

بۇ قوشۇمچىلاردىن كۆپرەك ئىشلىتىلگەنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

دىن-، تىن-، دىن-، تىن-، دان-، تان-، دەن-، تەن-،

تاش-دىن (ئىككى) سىرتتىن، ئۇغۇز-دان (تۈن) ئۇغۇزدىن،

كۆز-دەن (ئوغ) كۆزدىن، قان-تان (كت) خاندىن،

ئۆلۈك-تۈن (ئىككى) شەرقتىن، كۈن-دۈن (ئوغ) كۈن چىقىشتىن،

يەر-تىن (چلس) يەردىن

## ۋاستە كېلىش

ۋاستە كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

ئىن-، ئىن-، ئۇن-، ئۈن-، ئان-، ئەن-، ن-،

ئاداق-ئىن (ئال) پۇتى بىلەن،

بىلىگ-ئىن (ق ب) بىلىم بىلەن، ئوق-ئۇن (كت) ئوق بىلەن،

كۆڭۈل-ئۈن (سام) ئىش بىلەن، بۇ قوشۇمچىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئارقا ياردەمچىلەردىن «بىلەن»، «ئارقىلىق»، «توغرىلىق» قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلەنمەكتە.

## 2. سان

1. سان-شەيئىلەرنىڭ ھېسابىنى، رەت تەرتىپىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈملىرى.

2. سانلارنىڭ تۈزۈلىشى

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار تۈزۈلىشىگە قاراپ، ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ ساندىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

ئاددىي سانلار: ئاددىي سانلار بىر ▬لا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاددىي سانلارنىڭ شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) بىردىن ئونغىچە بولغانلىرى (قىسمەن فونېتىك ئۆزگىرىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش. مەسىلەن:

بىر (بىر)؛ ئەكى (ئىككى)؛ ئۈچ (ئۈچ)؛ تۆرت (تۆت)؛ بىش (بەش)؛ ئالتى (ئالتە)؛ يىتى (يەتتە)؛ سىكىز (سەككىز)؛ توغۇز (توققۇز)

2) ئاددىي ساننىڭ ئاخىرى «نۆل» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى ياكى ئۈچ ئۇنىڭدىن ئارتۇق سانلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي سانلار بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن، فونېتىكا جەھەتتىكى قىسمەن ئوخشىماسلىقى ۋە رەت تەرتىپى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاخىرى «نۆل» بىلەن ئاخىرلاشقان ئاددىي سانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

20 يىگىرمى؛ 30 ئوتۇز؛ 40 قىرق؛ 50 ئەللىك؛ 60 ئالتمىش؛ 70 يەتمىش؛ 80 سېكىز ئون~سېكسەن؛ 90 توققۇز ئون~توغۇز ئون~توقسان؛ 100 يۈز~بىريۈز؛ 1000 بىڭ~بىر بىڭ~مىڭ؛ 10000 تۈمەن~بىرتۈمەن ~بەن؛

«سەكسەن، توقسان، سەكىز ئون، توققۇز ئون دېن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن سانلارنىڭ شەكلى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن، مەنە جەھەتتىن يەنىلا «90 ۋە 80» نى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. «يۈز»، «مىڭ»، «تۈمەن»، «مىليارد» لارنىڭ ئالدىغا بەزىدە «بىر» سۆزى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بىراق، «بىر» سۆزى بۇ سانلارنىڭ مەنىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئاددىي سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇرەككەپ سانلار: مۇرەككەپ سانلار، ئاددىي سانلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق خانىلىق مۇرەككەپ سانلار تۆۋەندىكىدەك يوللار بىلەن بىرىكىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»
2. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»
3. سوۋېت تىلشۇنلىسى سىراك: «قەدىمكى ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى»
4. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»
5. كوللېكتىپ تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى»
6. ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا: «مايترى سىمىت توپلىمى»
7. تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار»
8. تۈركىيە تىلشۇنلىسى سائادەت چاغتاي: «تۈرك لەھجەلەرى»
9. رازاق مەتنىياز: «ئۇيغۇر تىلى ئىلىسلىرى»
10. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1-2-3-قىسىم
11. سوۋېت ئالىمى ن.ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»


## قىسقارغان شەكىللەر:

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (تون)، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (كت)، «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» (بىل)، «موبۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» (مۇچ)، «ئوغۇزنامە» (ئوغ)، «ئالتۇن يارۇق» (ئال)، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» (ئىككى)، «چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ ھېكايىسى» (چاش)، «مايترى سىمىت» (م.س)، «شۈمنزاگىننىڭ تەرجىمىھالى» (سام)، «نېستورىيان دىنى يادىكارلىقى» (نېس)، «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەت» (ئىق)، «قۇتادغۇبىلىك» (ق ب)، «دىۋان لۇغەت تۈرك» (دل)، «تۇرپان تېكىستلىرى» (تۇر)، «تىبابەتچىلىككە ئائىت يادىكارلىق» (تىب)

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# 主 要 目 录

在改革开放中发展的吐鲁番市牧场…………………… 司·铁木尔
在社会主义市场条件下,必须把精神文明建设放在突出位置 ……
…………………………………………………………… 阿·托乎提
跨世纪时代的少数民族地区社会经济发展…………… 穆·买买提
试论在我区发展旅游业的必要性…………………… 古·买买提
试论行事诉讼在社会主义市场经济中的作用………… 皮·帕塔尔
柔然汗国的兴亡………………………………………… 薛宗正
西域袄教考述…………………………………………… 高永久
阿勒泰岩画考…………………………………………… 王明哲
交河古城沟北一号台地墓葬所反映的车师文化……… 羊毅勇
萨满教的起源与西伯利亚的岩画…………〔匈〕米哈伊·霍珀尔
关于"香妃"研究………………………………………… 赵鑫虎
清代以来和田地区的人口情况 ……………………… 努·莫 明
浅谈乌什在丝绸之路上的重要地位………………… 艾·托乎提
试论突厥汗国的法律与制度 ……………………… 阿·亚 森
西辽汗国时期的社会经济 ……………………………魏良弢
浅谈汉唐时期的龟兹城……………………………… 艾·苏来曼
浅谈现代维吾尔文学的形成……………………… 依·艾合买德
古今维吾尔语副词的区别………………………… 迪·买买提明
试论和田的古代文明………………………………… 托·吐尔逊
试论古代维吾尔语的词语分类…………………… 布·阿布来提

顾问:阿不都秀库尔·吐尔地　　主编:阿不来提·努尔东

# تۇرپان شەھەرلىك چارۋىچىلىق مەيدانىغا دائىر كۆرۈنۈشلەر



نەسىللىك قوچقارلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش



چارۋىچىلىق مەيدان باشلىقى خوجانىياز





مەيداننىڭ قوي-ئۆچكىلىرى

《新疆社会科学》（维吾尔文）
新疆维吾尔自治区社会科学院主办
《新疆社会科学》维文编辑部编辑出版
（乌鲁木齐市北京路16号）
邮编：830011　电话：3837937
全国各地邮局订阅零售
广告经营许可证、工商广告第0100563
国际标准刊号：ISSN1002－9052
国内代号：58－81
国内统一刊号：CN65－1038/C
定价：2.50元

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرناللىرى نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسى 16-قورۇ
تېلېفون نومۇرى : 3837937 پوچتا نومۇرى: 830011
تېكستنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ئېلان تىجارىتى گۇۋاھنامىسى نومۇرى : 0100563
خەلقئارا ئورتاق نومۇرى: ISSN1002—9052
دۆلەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى : CN65—1038/C
ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى : 58-81
باھاسى 2.50 يۈەن